

# شيكەرستاننىڭ ناخشا

مللەتلەر نەشرياتى



# جەننەتتىكى ناخشا

(بالىلار شېئىرلىرى)

ئاپتورلار: ھەسەن تىلىۋالدى، ئابلىكىم روزى، ئابدۇقادىر ھەسەن، تۇختاش بەكرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## ھەسەن تىلىۋالدى


بەش پۇڭ پۇل . . . . . . . . . . . . . . . . ( 1 )

گۈزەللىك ھەققىدە . . . . . . . . . . . . . . . ( 2 )

كۆمۈر بىلەن ھاك تاش (مەسەل) . . . . . . . . . . . ( 3 )

چىن دوست بىز . . . . . . . . . . . . . . . . ( 5 )

ئىككى مەسەل . . . . . . . . . . . . . . . . ( 6 )

ئىنىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 7 )

بولسام يامغۇر تامچىسى . . . . . . . . . . . . . ( 9 )

ئەپ بولۇشتى ئىككىسى . . . . . . . . . . . . . ( 10 )

بەسلىشەيلى بىز . . . . . . . . . . . . . . . ( 11 )

سۇ بىلەن شەپەق (مەسەل) . . . . . . . . . . . . ( 13 )

ئاپئاق بالام . . . . . . . . . . . . . . . . ( 15 )

بىزگە ئويۇن جىق . . . . . . . . . . . . . . . ( 16 )

ئاسلانجاننىڭ پۇشايمىنى (مەسەل) . . . . . . . . . . ( 16 )

ئۆردەك بىلەن خوراز (مەسەل) . . . . . . . . . . . ( 19 )

دادام . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( 23 )

قەغەز ئايروپىلان . . . . . . . . . . . . . . . ( 24 )

گالستۇك چەگسەم . . . . . . . . . . . . . (25)
ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇقنىڭ سۆھبىتى (مەسەل) . . . . (26)
چېچەكلىگەن نوتا بىز . . . . . . . . . . . . . . (28)
ئۆگەن بالام بىرىلىپ . . . . . . . . . . . . . . (29)
ئانا . . . . . . . . . . . . . . . . . . (30)
كىچىكىشنىڭ سەۋەبى . . . . . . . . . . . . . (31)
بالام بىلەن ئانىسى . . . . . . . . . . . . . (34)
باھار ئەتىگىنى . . . . . . . . . . . . . . (37)
كۆچەت تىكتۇق باھاردا . . . . . . . . . . . (38)
دام-دام-دام . . . . . . . . . . . . . (39)
خىجىل قىلدى دام-دىمىڭ . . . . . . . . . . . (40)
بولساڭ ئەدەب-قائىدىلىك . . . . . . . . . . (41)
تۇنجى قار . . . . . . . . . . . . . . . (42)
قىش بوۋاي . . . . . . . . . . . . . . (44)
كومپاس . . . . . . . . . . . . . . (45)

## ئابلىكىم روزى

گۈلدەستە (باللادا) . . . . . . . . . . . . . (47)
ئوتنى كىم قالاپ بەردى؟ . . . . . . . . . . . . (60)
ئىلىم-پەن . . . . . . . . . . . . . . (61)
ۋەتىنىم — ئانام . . . . . . . . . . . . . . (63)
قەلبى ئوتلۇق پىئونېرلار بىز . . . . . . . . . (64)

سوراڭ بىزدىن مۇئەللىم . . . . . . . . . . . . . . (65)
يېڭى يىل ناخشىلىرى . . . . . . . . . . . . . . (66)
تەنەپپۇس . . . . . . . . . . . . . . (75)
بىز بەختىيار بالىلار (ئېيتىشىش) . . . . . . . . . . . . (77)
تېپىشماق . . . . . . . . . . . . . . . (79)
"سەككىز دوست"نىڭ سۆھبىتى . . . . . . . . . . . . (80)
باھار قوشاقلىرى . . . . . . . . . . . . . . (87)

## ئابدۇقادىر ھەسەن

جەگچى ئاكامغا . . . . . . . . . . . . . . . . (92)
مەھەللىمىزنىڭ بالىلىرى (سېكىل) . . . . . . . . . . . (93)
ئۈچ گۆھەرنىڭ سۆھبىتى . . . . . . . . . . . . . (108)
مېنىڭ تال ـ تال كۆچەتلىرىدىم (سېكىل) . . . . . . . . . (115)
سالام، باھار قۇشلىرى (سېكىل) . . . . . . . . . . . (121)
كىچىك ماھىرلار (سېكىل) . . . . . . . . . . . . . (129)
شىكەرىستاندىكى ناخشا (سېكىل) . . . . . . . . . . . (138)
نەشپۈت يېگەندە . . . . . . . . . . . . . . (152)
پەندىيات . . . . . . . . . . . . . . . . (152)
جان دوست ئاداش بولايلى . . . . . . . . . . . . (156)
ئايرىلمايمەن مەكتەپتىن . . . . . . . . . . . . . (158)

## توختاش بەكرى

قانداق يوُلـتوُز ئوُ؟ (باللادا) . . . . . . . . . . . . . . (160)
توُلكه بىلەن ئىپـشەك (مەسەل) . . . . . . . . . . . . . (168)
قەدىردانلار سوْهبىـتى (شېئىرىي چوْچەك) . . . . . . . . . (172)
پاقىنىڭ لاپ ئوُروُشى (مەسەل) . . . . . . . . . . . . . (182)
يېڭى قار ئىلهاملىرى (سىيكىل) . . . . . . . . . . . . . (186)
تايـچاق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (195)
قوزىـچاق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (196)
ئويلاپ ئوينا! . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (198)
گوُل تاقىغاندا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (200)
چەش دوْك (شېئىرىي چوْچەك) . . . . . . . . . . . . . . (201)
بىزنىڭ كوچا (ئېتىشىش). . . . . . . . . . . . . . . . (215)
پاخـپاق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (217)
ئوغلاق، خوراز، ئاسلانچاق (شېئىرىي مەسەل) . . . . . . . (220)
تېپىشماقلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . (227)

## ھەسەن تىلىۋالدى

# بەش پۇڭ پۇل

يەتتە ياشلىق پىئونېر ئازاد،
قايتىشىدا بۈگۈن مەكتەپتىن.
تېپىۋالدى بەش پۇڭلۇق پۇلنى،
كېلىۋېتىپ يولنىڭ چېتىدىن.

لېيفېڭ روھى، ئېسىل خىسلىتى،
ئىلھام بەرگەچ ئۇنىڭ قەلبىگە.
ئىككىلەنمەي تاپشۇرۇپ بەردى،
پۇلنى دەرھال مۇئەللىمىگە.

قارىماققا ئەڭ كىچىك بۇ ئىش،
بەكمۇ ئاددىي ئىش دەپ بىلىندى.
كىچىك ئازاد — نوتا-كۆچەتنىڭ
پەزىلىتى روشەن بىلىندى.

1982-يىل، ئۈرۈمچى.

# گۈزەللىك ھەققىدە

دەم ئېلىشتا سىنىپتا
بىرنەچچەيلەن جەم بولۇپ؛
تالاش - تارتىش قىلىشتى
گۈزەللىكتىن گەپ بولۇپ.

تۇرسۇن دېدى: ئادەمنىڭ
قاش - كۆزىدۇر زىننىتى.
كىمنىڭ ھۆسنى چىرايلىق،
شۇنىڭ بولار ھۆرمىتى.

گۈزەل كىنو چولپىنى
تۇغۇلغاندەك ئالەمگە.
چىراي، كىيىم، لاتاپەت
ھۆسن قوشار ئادەمگە.

ياسىن دېدى: گۈزەللىك
ئەمەس يالغۇز چىرايدا.
ئەدەب - ئەخلاق، پەزىلەت
گۈزەللىكتۇر ئىنسانغا.

توغرا دېدى ئۆمەرمۇ،
بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ:
كۆز قارىشىم ياسىنغا
كېتەر مېنىڭ ئوخشۇشۇپ.

ئۆلچەنمەيدۇ گۈزەللىك،
كىيىم-كېچەك، چىرايدا.
قەلبىڭ گۈزەل بولمىسا،
ئايدەك جامال نە پايدا؟

ھېسابلىنار گۈزەللىك،
ئىگە بولغان خىسلەتكە.
قەلبى گۈزەل كىشلەر
لايىق قەدىر-قىممەتكە.

1983-يىل، ئۈرۈمچى.

# كۆمۈر بىلەن ھاك تاش

(مەسەل)

قىشنىڭ بىر كۈنى كانىنىڭ بېشىدا،
كۆمۈرگە ئۇچرىشىپ قالدى ھاك تېشى.

ئۆزىچە كۆمۈرنى مەنسىتمەي تېخى،
مەغرۇرلۇق بىلەن گىدەيدى بېشى.

دېدى كۆمۈرگە ماختىنىپ ھاك تاش:
نېمانچە قارا تەلەتىڭ سېنىڭ.
كاندىن چىقىپلا كېتىسەن كۆيۈپ،
كۈلگە ئايلىنىپ تۈگەيدۇ تېنىڭ.

ئاپئاقتۇر مېنىڭ ھۆسنۈجامالىم،
ئەتىۋارلىق مەن بىلسەڭ بۇرادەر.
ئاقارماس مەنسىز ئېگىز بىنالار،
قول قويار ماڭا ئالتۇن ۋە گۆھەر.

شۇ چاغدا كۆمۈر ھاك تاشقا قاراپ،
ماختانما، دېدى تۇرۇپ يۈزتۇرا.
ئەل ئۈچۈن پايدام تېگەر مېنىڭمۇ،
بولسىمۇ گەرچە رەڭگىم قاپقارا.

ھەربىر نەرسىنىڭ سىرتىغا قاراپ،
باھا بەرمىگىن ئالدىراپ پەقەت.
رەڭگىنى ئاق قىپ ئەلگە تونۇتقان،
بىلسەڭ مەندىكى ئاتەش ـ ھارارەت.

1983 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# چىن دوست بىز

ئىجىل ـ ئىناق ئۆتىمىز،
بىر قورۇدا بەش مىللەت.
يېتىلمەكتە ئۆملۈكتىن،
بىزدە ياخشى پەزىلەت.

بىللە ئويناپ كۈلىمىز،
قايتقان چاغدا مەكتەپتىن.
بىللە بىلىم توپلايمىز،
ئىلمۇپەن ھېكمەتتىن.

ئۆسمەكتىمىز بەختىيار،
بىز ھەر مىللەت گۈل ـ غۇنچە.
بۇلبۇل بولۇپ كۈيلەيمىز،
چىن دوستلۇقنى قانغۇچە.

1983 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# ئىككى مەسەل

## يۈز بىلەن ئەينەك

دەپتۇ بىركۈنى ئادەمنىڭ يۈزى،
ئۆيگە يارىشىپ تۇرغان ئەينەككە:
"خىزمىتىڭ مەندىن نۇقسان تېپىشمۇ،
كۈچۈك يەتمەمدۇ زادى بۆلەككە؟

"كۆرۈپ تۇرمىساڭ، — دەپتۇ تاش ئەينەك، —
ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۆزەڭنى مەندە.
كۆرەلمەيسەنغۇ كىر ۋە ئىللەتنى،
قانچە ئىقتىدار بولسىمۇ سەندە.

كونىلاردا بار شۇنداق بىر ماقال:
يۈزۈڭ كىر بولسا ئەينەككە قارا.
خىزمىتىم شۇكى كىرنى كۆرسىتىش،
ئۇنىڭدىن بۆلەك يوق مەندە تاما."

## ۋاقىت بىلەن كالىندار

ھال ئوقۇدى كالىندارغا ۋاقىتجان:
”مەن توختىماي مېڭىش بىلەن راۋانمەن.
سۈرئىتىمنى كۆرسەتسەڭمۇ بىراق، سەن
تەرىپلىنىپ تۇرغىنىڭغا ھەيرانمەن.“

”توغرا دوستۇم، — دېدى كۈلۈپ كالىندار، —
مېڭىۋەرگىن بۇنى قىلچە ئويلىماي.
سەن توختىساڭ بولماس مېنىڭ كېرىكىم،
قەدىرلىكمەن ماڭغاچقا سەن توختىماي.“

1983-يىل، ئۈرۈمچى.

## ئىنىم

كىچىك ئىنىم دىلمۇراد،
خەت يازىدۇ قىزىقىپ.
جىجىلايدۇ قەغەزگە،
كەتكىنىدە ئېزىقىپ.

مەن ئىشلىسەم تاپشۇرۇق،
ئۇمۇ يازار كىرىشىپ.
تەرك ئېتىپ ئۇيقۇنى،
ئۆگىنىدۇ تىرىشىپ.

زوقى بىلەن يازىدۇ،
بىلىۋالغان خېتىنى.
دەپتىرىنىڭ تېشىغا،
يېزىپ قويار ئېتىنى.

دەيدۇ: ئاكا قاچانمۇ
مەن سىڭىلدەك يازىمەن؟
ئىلىم ـ ھىكمەت كانىدىن
ئۈنچە ـ مارجان قازىمەن؟

دېدىم: ئىنىم ئۆگەنسەڭ،
زېرىكمەيلا تىرىشىپ.
يېڭەلىسەڭ مۇشكۇلنى،
غەيرەت قىلىپ ئىلىشىپ.

پات ئارىدا مەكتەپكە،
سەنمۇ چوقۇم بارىسەن.
مەرىپەتنىڭ نۇرىدىن،
دىلغا قۇۋۋەت ئالىسەن.

كائىناتنىڭ سىرىنى،
ئاشۇ چاغدا ئاچىسەن.
ئىجادىڭدىن، ئەجرىڭدىن،
ئەلگە ئۈنچە چاچىسەن.

1983 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## بولسام يامغۇر تامچىسى

ياغدى يامغۇر شارقىراپ،
يەر ئۈستىگە چېچىلىپ.
گۈللەر قېنىپ سۇ ئىچىپ،
كەتتى چوغدەك ئېچىلىپ.

پايانسىز تاغ ـ داللار،
كېيدى ئېسىل يېشىل تون.
ياساندى ئۈز تەبىئەت،
يوقاپ تۈتەك، ئىس، چۈدۈن.

شەھەر ـ يېزا، يايلاقلار،
تولۇپ خۇش بۇي پۇراققا.
ئوخشاپ كەتتى ھەممە جاي،
زىلال سۈلۈق بۇلاققا.

ئاقتى شادلىق يامغۇرغا،
تولۇپ قەلبىم باغچىسى.
ھېسابلايمەن بەختلىك،
بولسام يامغۇر تامچىسى.

1983 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# ئەپ بولۇشتى ئىككىسى

گەپ تالىشىپ قېلىشتى،
ئايشەم بىلەن گۈزەلئاي.
ماي تارتىشىپ خېلى كۈن،
يۈردى گەپ ـ سۆز قىلىشماي.

ساۋاقداشلار بۇ ئىشنى،
توغرا ئەمەس دېيىشتى.
ئىككىسىنى بىركۈنى،
ئەپ قىلماق بوپ كېڭەشتى.

مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى،
توغرىلاپ بىركۈنگە.
ئېلىپ باردى ئايشەمنى،
گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە.

ناخشا ـ غەزەل ئېيتىلىپ،
تۇرغاچ ئۇسسۇل ئوينىلىپ.
ئارىدىكى سوغۇقلۇق،
كەتتى شۇ دەم ئۇنتۇلۇپ.

قول تۇتۇشۇپ قايتىدىن،
ئەپ بولۇشتى ئىككىسى.
جاراڭلىدى يېقىملىق،
چىن دوستلۇقنىڭ كۈلكىسى.

1983 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## بەسلىشەيلى بىز

كەلگىن گۈلئايشەم،
بەسلىشەيلى بىز.
بىلىم ئېلىشتا،
ئىلگىرىلەيلى تېز.

كىم چىقسا ئوزۇپ،
مۇشكۈلنى يېڭىپ؛
بىلىم بېغىدىن،
شەربەتلەر ئىچىپ.

ماڭايلى شۇنىڭ
تۇتۇپ قولىنى.
تىرىشچانلارنىڭ
بېسىپ يولىنى.

ئۆگىنەيلى تېز،
تۇتۇپ چىڭ پەيتنى.
چاقايلى پەننىڭ،
شېرىن قەنتىنى.

ئۇستازلارنى بىز،
قىلايلى ھۆرمەت.
باغلايلى ئەلگە،
چىندىن مۇھەببەت.

تىرىشىپ ئوقۇپ،
ئانا مەكتەپتە.
ئۈلگە بولايلى،
ئىش ۋە ھەركەتتە.

1984 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# سۇ بىلەن شەپەق

(مەسەل)

كەچكى شەپەق قىزارتتى،
سۇنىڭ سۈزۈك يۈزىنى.
شۇنداقتىمۇ كۆل سۈيى،
ئۆزگەرتمىدى تۈسىنى.

بۇنى كۆرۈپ شەپەقنىڭ،
كەلدى قەھرى، غەزىپى.
ھەسەت قىلىپ ۋارقىرىدى،
تېشىپ سۇغا ئەلىمى.

دېدى شەپەق: كەچقۇرۇن،
بېزىسەممۇ ئۈستۈڭنى.
شۇنچە گۈزەل نۇرۇمدا،
ئۆزگەرتمەيسەن تۈسۈڭنى.

دېدى دەرھال كۆل سۈيى،
جاۋاب بېرىپ شەپەققە:

پەرۋايىمىز پەلەكتۇر،
بۇنداق يولسىز تەلەپكە.

تا ئەتىدىن كەچكىچە،
كۆڭۈن نۇرىنى چاچىسىمۇ.
كەچتە يۇلتۇز، تولۇن ئاي،
كۈلۈپ جامال ئاچىسىمۇ.

كەلدى ئۇلار قىلچىمۇ،
مىننەت قىلماي ئەجرىنى.
قىلمىغانتى سەن كەبى،
بۇنداق يولسىز غەلۋىنى.

ھەر كەچلىكى قالىسەن،
غىل-پاللىغىنە كۆرۈنۈپ.
شۇ دەم غايىپ بولىسەن،
بۇلۇت ئارا مۆكۈنۈپ.

شۇنىڭغىمۇ كىتەمسەن، —
دىدى، — شۇنچە كىرىلىپ.
كۆل سۆزىدىن شەپەقنىڭ،
كەتتى يۈزى قىزىرىپ.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى

# ئاپئاق بالام

ئاق توشقاندەك ئاق بالام،
ئەتراپىڭغا باق بالام.
كۆڭۈل قويۇپ چېنىقساڭ،
بولار تېنىڭ ساق بالام.

يەسلى سېنىڭ ئۆز ئۆيۈڭ،
ئۆسكىن ساغلام، شاد بالام.
ئۇنىڭ ئىللىق قوينىدا،
يوغىنايسەن پات بالام.

ئاداشلىرىڭ بەك تولا،
يوقتۇر ساڭا يات بالام.
مەرىپەتنىڭ قوينىغا،
سەن ئۆزەڭنى ئات بالام.

# بىزگە ئويۇن جىق

— يەسلى باللىرى تىلىدىن.

بىزگە ئويۇن جىق،
ئويناپمىز سىلىق.
يەسلى كەڭ دېگىنىز،
بىز ئۇندا بېلىق.

دوستلىرىمىز جىق،
بىز دوستقا ئىللىق.
ئۆسىمىز بولۇپ،
زېرەك، ئەخلاقلىق.

1984 ـ يىل 6 ـ ئاي.

# ئاسلانجاننىڭ پۇشايمىنى

(مەسەل)

كىچىككىنە ئاسلانجان،
قالتىس چاغلاپ ئۆزىنى؛

ئاڭلٮمٮدى كۆيۈنۈپ،
ئېيتقان ئانا سۆزٮنى.

دېدى بٮركۈن ئانٮسى،
نەسٮھەت قٮپ ئاسلانغا:
بەڭۋاشلٮق قٮپ جان بالام،
قالما يەنە پۇشمانغا.

مەن ئېپ چٮقاي ئۇيناشقا،
چٮقماق بولساڭ ئەگەردە.
ئۆزەڭ چٮقساڭ بٮركۈنى،
ئۇچرايسەن خەۋپ-خەتەرگە.

ئەنسٮرٮمٮگٮن مېنٮڭدٮن،
دېدى ئاسلان گٮدٮيٮپ.
ئۆگەنمٮدى چاشقاننى،
تۇتۇشنى ھەم بېرٮلٮپ.

چٮقتى بٮركۈن ئاسلانجان،
كۆزلەپ ئاشۇ تالانى.
تۇرۇپ قالدى ھەيران بوپ،
كۆرۈپ چەكسٮز دالانى.

ئېچىنىمەن، دېدى ئۇ،
ئۆتكەن ئاشۇ كۈنۈمگە.
بۇندىن كېيىن قايتمايمەن،
يېنىپ ھەرگىز ئۆيۈمگە.

چىقتى شۇ دەم ئانىسى،
ئاسلانجاننىڭ يادىدىن.
ئويۇن بىلەن خېلى كۈن،
ئۆتۈپ كەتتى ئارىدىن.

قورساق ئاچتى ئاخىرى،
دەرمان تۈگەپ يۈرۈشكە.
دېدى قىلىپ پۇشايمان:
ئۆيدىن چىقتىم نېمىشكە؟

سېرىق كۈچۈك بىركۈنى،
كۆرۈپ نىمجان ئاسلاننى؛
قوغلاپ يەتتى ئارقىدىن،
دوراپ خۇددى تايغاننى.

تۇتۇۋالدى كۈچۈكۋاي،
تالىۋەتتى ئاسلاننى.

ئانا سۆزىن ئاڭلىماي،
قىلدى ئاسلان پۇشمانىنى.

1984 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# ئۆردەك بىلەن خوراز

(مەسەل)

ئۆردەك ۋە خوراز
يېقىن دوست ئىكەن.
كېچەيۇ كۈندۈز
ئايرىلمايدىكەن.

ھەر سەھەر خوراز
تۇرۇپ ئورنىدىن؛
دوستى ئۆردەكنى
تېپىپ ھويلىدىن.

ئەتىدىن تا كەچ
ئىجىل ۋە ئىناق.
ئۆتۈپتۇ دوست بوپ
خېلى يىل شۇنداق.

ئۆردەك بوي تارتىپ،
ئۆسۈپ قامىتى.
ئۆزگىرىپتۇ تېز،
مىجەز، ئادىتى.

تەمەننا قويۇپ
ئۆردەك ئۆزىگە.
ئىلماپتۇ دوستى
خورازنى كۆزگە.

قىقۇ، قىقۇ سەپ،
ھەيۋە قىپ توۋلاپ؛
ئارام بەرمەپتۇ
باللارنى قوغلاپ.

قىلىسمۇ تەنقىد
خوراز نەچچە رەت.
ئىلىك ئالماپتۇ
ئۆردەكۋاي پەقەت.

دەپتۇ خورازۋاي:
تولا كاپشىما.

ياقمايدۇ قىلچە
گەپلىرىڭ ماڭا.

ئارىلاشما سەن
مېنىڭ ئىشىمغا.
يەيسەن جاجاڭنى
تەگسەڭ چىشىمغا.

ئۆردەكنىڭ سۆزى
ئۆتكەچكە جاندىن.
خورسىنىپ خوراز
كېتىپتۇ ئاندىن.

ئۆردەك تېخىمۇ
ئېشىپ ھەددىدىن.
ئۆزىنى ئۇستۇن
تۇتۇپ ھەممىدىن.

باشقىلارغا ئۇ
ھەيۋە قىپ تۇۋلاپ.
ھېچكىمگە ئارام
بەرمەپتۇ قوغلاپ.

چوقۇپتۇ بىر كۈن
ياتقان تايغاننى.
دېمەي قويايلى
ئەمدى قالغاننى...

ئۆتتى ئۆزىدىن،
يوق ئاڭا چارە.
تۈگەشتى ئاخىر
ئۆردەك بىچارە.

مەنمۇ ئازراقلا
قىلىپ قوياي سۆز.
مەغرۇرلۇق پايدا
بەرمەيدۇ ھەرگىز.

ئىبرەتتۇر بىزگە
ئۆردەكنىڭ ھالى.
تەكەببۇرلۇقنى
قىلمايلى زادى.

1984-يىل، ئۈرۈمچى.

# دادام

مېنىڭ دادام كۆيۈمچان،
رەنجىتمەيدۇ دىلىمنى.
كىتاب، دەپتەر ئېلىپ بېرەر،
ئىگەللە دەپ بىلىمنى.

ئەتىگەندە ئويغىتىپ،
مەكتىپىمگە ماڭغۇزار.
پەزىلەتنى، مېھرىنى،
ۋۇجۇدۇمغا تامغۇزار.

كىتاب ئالسام قولۇمغا،
پەرۋاندۇر بېشىمدا.
بىلمىگەننى ئۆگىتەر،
جىم ئولتۇرۇپ قېشىمدا.

ئېيتىپ بېرەر بەزىدە،
قىزىق چۆچەك - ھېكايە.
ئەدەپ - ئەخلاق بابىدىن،
بېرىپ چوڭقۇر تەربىيە.

ئۇنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى،
نەقىش بولدى دىلىمغا.
دادام كەبى مەنمۇ ھەم
كۆچ قوشىمەن ئېلىمغا.

1984 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## قەغەز ئايروپىلان

قايتىپ بۈگۈن مەكتەپتىن،
قىزغىن ئارزۇ ـ ھەۋەستە.
ئايروپىلان ياسىدىم،
چىرايلىق قىپ قەغەزدە.

دەرھال ئۇنى شادلىنىپ،
ئېلىپ چىقتىم تالاغا.
كۆچەپ ئېتىپ زوق بىلەن،
قويۇپ بەردىم ھاۋاغا.

ئەگىپ ئۇچۇپ ئېگىزدە،
قايتىپ چۈشتى يېنىمغا.
ئاشۇ قەغەز لاچىنى
ئوتنى سالدى دىلىمغا.

مەنمۇ چوقۇم ئاز كۈندە،
چوڭ بولىمەن، ئۆسىمەن.
ھەيدەپ كۆمۈش لاچىننى،
بۇلۇتلارنى بۆسىمەن.

ئاشۇ ئارزۇ دىلىمدا،
بوشاتمايمەن بىلىمنى.
ئايغا سەپەر قىلىمەن،
ئىگەللەپ پەن-بىلىمنى.

1984-يىل، ئۈرۈمچى.

## گالستۇك چەكسەم

نۇر چاچقاندەك بولىدۇ،
گالستۇكۇم يولۇمغا.
دىلغا ھۇزۇر بېرىدۇ،
چەكسەم ئۇنى بوينۇمغا.

چەكسەم ئۇنى سېزىمەن،
گويا بايرام بولغاندەك.
پەزىلەتنىڭ نۇرلىرى،
ۋۇجۇدۇمغا تولغاندەك.

ئۇنى چەكسەم كۆرىمەن،
ئىقبالىمنى ئالدىمدا.
ئۈمىدىنى ۋەتەننىڭ،
چىڭ تۇتىمەن يادىمدا.

ئۇنى چەكسەم كۆرىمەن،
ئىلىم - پەننىڭ بېغىنى.
تىك چوققىغا ئۆرلەيمەن،
يېڭىپ مۇشكۈل تېغىنى.

ئۇنى چەكسەم بىلىمەن،
ئەلگە بولغان قەرزىمنى.
ئوبدان ئوقۇپ - تىرىشىپ،
ئورۇنلايمەن لەۋزىمنى.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

## ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇقنىڭ سۆھبىتى

(مەسەل)

ئىش ئۇستىلى بىركۈنى،
ئورۇندۇققا سۆز قىلىپ:

ياسىغاندۇ كىم سىنى؟
دېدى قوپال - تۈز قىلىپ.

ئېچىنىمەن ھالىڭغا،
ئۆتەر كۆنۈلۈك بەك تەستە.
ئوخشىمايدۇ ئورنىمىز،
مەن ئېگىزدە، سەن پەستە.

توغرا، دېدى ئورۇندۇق،
جاۋاب بېرىپ ئۈستەلگە.
ئايرىلمايمىز ئىككىمىز،
خايى بارساق قەيەرگە.

ئوخشىمىغان بىلەنمۇ
ئىككىمىزنىڭ بويىمىز.
ئېگىز - پەس دەپ ئايرىلماي،
ئىشتا ئوخشاش رولىمىز.

كىتاب ئوقار، خەت يازار،
ھەممە سىنىڭ كۆكسۈڭدە،
ئاشۇ چاغدا مېنىڭمۇ،
ئولتۇردۇ ئۈستۈمدە.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

# چېچەكلىگەن نوتا بىز

ئانا مەكتەپ مېھرىدىن،
چېچەكلىگەن نوتا بىز.
كۆكلەپ پەرۋاز قىلىشتا،
ئەل-ۋەتەنگە شوتا بىز.

تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش،
بىزنىڭ ئۇتلۇق ئەھدىمىز.
يارالماقتا كەشپىيات،
سىڭگەچكە زور ئەجرىمىز.

بىلىم بىلەن كۈچەيدى،
بىزنىڭ ئەقىل-زېھنىمىز.
دېڭىزدىنمۇ تىرەندۇر
ئۇستازلارغا مېھرىمىز.
قايتۇرما:
چېچەكلىگەن نوتا بىز،
ئەل-ۋەتەنگە شوتا بىز.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

# ئۆگەن بالام بېرىلىپ

نېمە تاپتىڭ جان بالام،
مۇنچىۋالا كېرىلىپ.
مەغرۇرلىنىپ ئېگىزدىن
چۈشمە يەنە سىيرىلىپ.

ئۆگەنمىسەڭ بىلىمنى،
كۆڭۈل قويۇپ بېرىلىپ.
جەمئىيەتكە چىققاندا،
تەمتىرەيسەن قىينىلىپ.

كەمتەر بولۇپ جان بالام،
ئۆگەن پەننى بېرىلىپ.
يېتىل ساغلام بىلىمدىن،
ۋۇجۇدۇڭغا كۈچ ئېلىپ.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

# ئانا

قەدىرلىك ئانا،
كۆيمەن ساڭا.
ئەخلاق - پەزىلەت،
ئۆگەتتىڭ ماڭا.

دېڭىزدىن تېرەن
مېھىر - شەپقىتىڭ.
ئۇلۇغدۇر ماڭا
سۆز ۋە ھەركىتىڭ.

تۇغۇلدۇم سەندىن
ئاپئاق سۈت ئىچىپ.
ئۇچۇرما بولدۇم
مېھرىڭگە قېنىپ.

ئەلگە سادىق بول،
ۋەتەن سۆي دېدىڭ.
بىلىم ئىشقىدا
ئوت بوپ كۆي دېدىڭ.

ياشناتتى مېنى
ئەجىر ـ مېھنىتىڭ.
ساقلىنار دىلدا
قەدىر ـ قىممىتىڭ.

سۆيۈملۈك ئانا،
كۆيىمەن ساڭا.
بىلىم ۋە ئەقىل
بەردىڭ سەن ماڭا.

1984 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## كېچىكىشنىڭ سەۋەبى

بۈگۈن ئىنىم بارماپتۇ،
مەكتىپىگە ئەتىگەن.
بىر دۆق ئۇنى چاقىرىپ،
ساۋاقدىشى كەپتىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ دادامنىڭ،
كەلدى راسا ئاچچىقى.
كېرەك بولدى، دېدىم مەن،
گەپنىڭ ئاڭا قاتتىقى.

ئىنىم كەلدى بىر چاغدا،
كىيىملىرى توپا ـ لاي.
دادام بىلەن ئىككىمىز،
تۇردۇق ئاڭا قارىماي.

نەگە باردىڭ؟ دېدىم مەن،
غەزەپ بىلەن ئىنىمغا.
سەۋەبىنى دەپ بېرەي،
دېدى كېلىپ يېنىمغا.

كېتىپ بارسام ئەتىگەن،
مەكتىپىمگە ئالدىراپ.
توساتتىنلا كەينىمدىن،
كەتتى بىرى ۋارقىراپ.

يول چېتىدە بىر موماي،
يىقىلغانىكەن پاتقاقتا.
ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ،
ئېلىپ باردىم دوختۇرغا.

قويدۇم ئۇنى ئاپىرىپ،
ئاران تەستە ئۆيىگە.

يوقلاپ بارماق بولدۇم مەن،
موماينى مەن كۆنگە.

شۇڭا ئاكا مەكتەپكە،
باردىم بۈگۈن كىچىكىپ.
كىتەلەيمەن دوستلارغا،
ئەتە چوقۇم يىتىشىپ.

جىنىم ئىنىم، دىدىم مەن،
توغرا بۇنداق قىلىشىڭ.
كىچىككەنگە ھەرگىزمۇ
ھىسابلانماس بۇ ئىشىڭ.

دادام دىدى: جان بالام،
مەندىن ساڭا نەسىھەت؛
يىتىشتۈرگىن ئۆزەڭدە
ئىسىل ئەخلاق - پەزىلەت.

شۇنداق قىلساڭ ئەل رىزا
بولار بالام سىنىڭدىن.
دىدى دادام ئىشەنچتە،
ئۈمىد كۈتۈپ ئۈنىڭدىن.

1984 - يىل، ئۈرۈمچى.

# بالام بىلەن ئانىسى

بەگباش دەيدۇ ئوغلۇمنى
دوستلىرىنىڭ ھەممىسى.
مەكتەپدە، مەلدە
بەكمۇ كۆپكەن غەلۋىسى.

ئۇستازىنىڭ سۆزىنى
تۇتمايدىكەن قۇلاقتا.
دوستلىرىدىن ئايرىلىپ،
ئوينايدىكەن يىراقتا.

تارتمايدىكەن ئۆزىنى
بالا-قازا خەتەردىن.
بىلدىم ئىشىنىڭ تەكتىنى،
قايتىپ كېلىپ سەپەردىن.

بىراق ئۇنى كۆپتۈرۈپ،
ماختاپ كەتتى ئانىسى.

تولۇم-قوشنا ئۇستىگە
ياغدى غەزەپ-نالىسى.

تەنھە بەرسەم ئۇنىڭغا،
كايىپ كەتتى ۋارقىراپ.
ئاقلاپ تىنماي بالىنى،
مۇئەللىمنى ئەيىبلەپ.

دېدى: بىلسەم مۇئەللىم،
ئۆچ كۆرەركەن بالىنى.
ئوينىغانغا نېمبوپتۇ،
بۇنىڭ نېمە يامىنى؟

يېتىپ قالار بىركۈنى،
ئۆگىنىشنىڭ قەدرىگە.
بويى ئۆسۈپ چوڭىيىپ،
تولغان چاغدا ئەقلىگە.

قارىلايدۇ بالىنى،
كىرىپ خەقنىڭ گېپىگە.
ئۇسسۇل ئويناپ بىرەملا،
كۆرەلمەسلەر دېپىگە.

توغرا ئەمەس، دېدىم مەن،
بۇ سۆزلىرىڭ ئانىسى.
بالا ئاتا-ئانىنىڭ
يۈرىكىنىڭ پارىسى.

بىراق ئۇنى ئۆستۈرسەڭ
پەزىلەتلىك، ئەدەبلىك.
يېتىلمەمدۇ كەلگۈسى
ئەل-ۋەتەنگە كېرەكلىك.

بىكار كەتمەس بالىغا
قىلغان پەرۋىش-ئەجرىمىز.
رازى بولار ئەل-ۋەتەن،
قارشى ئالار دەۋرىمىز.

كىچىكىدىن ئالمىساق
غەيرى قىلىق ئالدىنى.
قىلسا ئەگەر تەرەققىي،
چىقار ئىشنىڭ يامىنى.

تەربىيىنىڭ ئۇنىڭغا
تېگىپ ئوبدان پايدىسى.

ئۆزگىرىشكە باشلىدى
ئانا ـ بالا ئىككىسى.

1985 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## باھار ئەتىگىنى

بۈگۈن باھار ئەتىگەن،
دېرىزەمنى ئاچقاندا؛
كۆردۈم گۈزەل مەنزىرە،
قۇياش نۇرىن چاچقاندا.

سايرار ئىدى شوخ بۇلبۇل،
مەكتەپ بېغى ئىچىدە.
پۈركىنىپتۇ چېچەككە،
ئالما، ئۈرۈك غۇچچىدە.

لەززەتلىنىپ باھاردىن،
باقتىنىمدا يىراققا.
ئەنبەر كەبى خۇش پۇراق،
ئۇردى كېلىپ دىماققا.

كۆردۇم بۇگۈن پەيزىنى،
تەبىئەتنىڭ، باھارنىڭ.
ئىمىدىگەن گۈزەل ـ ھە،
ئەتىگىنى باھارنىڭ.

1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

## كۆچەت تىكتۇق باھاردا

كۆچەت تىكتۇق باھاردا،
ساۋاقداشلار ھەممىمىز.
ياڭراپ كەتتى ئەتراپقا،
قىزغىن ئەمگەك نەغمىمىز.

كۆچەتلەرنى ئاۋايلاپ،
ئەتراپىنى توردۇق.
ئەجرىمىزدىن مەكتەپنى،
يېشىللىققا ئورىدۇق.

ئورمان دېدى مۇئەللىم،
يەرنىڭ كۆركەم زىننىتى.

ئەمگەك بىلەن ھاياتىنىڭ،
بولۇر قەدىر ـ قىممىتى.

سىلەر تىككەن كۆچەتلەر،
موھتاج پەرۋىش، ئەجىرگە.
يىللار ئۆتۈپ چىچەكلەپ،
كىرەر شېرىن مېۋىگە.

سىلەرمۇ ھەم بەئەينى
شۇ كۆچەتكە ئوخشايسىلەر.
باغۋەنلەرنىڭ ئەجرىدىن
ساغلام ئۆسۈپ ياشنايسىلەر.

1985 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## دام ـ دام ـ دام

سەنمۇ مەندەك تىرىشىپ
ئوقۇلامسەن دام ـ دام ـ دام.
ئەلاچىلار سېپىگە
ئۆتەلەمسەن دام ـ دام ـ دام.

كىتابچىنى مېنىڭدەك
سۆيەلەمسەن دام ـ دام ـ دام.
ئىلىم ـ پەننىڭ ئىشقىدا
كۆيەلەمسەن دام ـ دام ـ دام.

ئەلگە مەندەك تۆھپەڭنى
قاتالامسەن دام ـ دام ـ دام.
دەرياسىدا بىلىمنىڭ
ئاقالامسەن دام ـ دام ـ دام.

1985 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## خىجىل قىلدى دام ـ دېمىڭ

نەتىجەڭنى داملىتىپ،
ئوينىتىسەن كۆزۈڭنى.
ئىچىم قىزىپ كېتىدۇ،
ئاڭلىغاندا سۆزۈڭنى.

دائىم كىتاب ئوقۇيسەن،
دام قىلغاندەك كۆرسىتىپ.

ئوقۇ دەيسەن مېنىمۇ،
غەزىپىمنى ئۆرلىتىپ.

كۆردۈم دەسلەپ بۇ ئىشتىن،
مەنمەنلىكنىڭ سايىسى.
بىلدىم ھازىر "دام-دام"نىڭ،
تولا ئىكەن پايدىسى.

تۇرتكە بولدى ئۆرلەشكە،
خىجىل قىلىپ دام-دېمىڭ.
بەسلىشىشچۈن تېخىمۇ
ئىلگىرلىدى چامدىمىم.

1985-يىل، ئۈرۈمچى.

## بولساڭ ئەدەب-قائىدىلىك

مەن يوق چاغدا جان ئىنىم،
تۇتما كىتاب-دەپتەرنى.
يازما جىجىپ ئۇنىڭغا،
قالايمىقان خەتلەرنى.

نەگە قويسام تاپىسەن،
جىلتامنى سەن گايىدا.
دەپتەر بىلەن كىتابىم،
تۇرسۇن ئىنىم جايىدا.

ئاز كۈن ئۆتمەي جان ئىنىم.
سەنمۇ جىلتا ئاسسەن.
مەرىپەتنىڭ يولىدا،
دادىل قەدەم باسسەن.

كىچىكىدىن هەر ئىشتا،
بولساڭ ئەدەب-قائىدىلىك.
چوڭ بولغاندا ئەل ئۈچۈن،
ئەجرىڭ سىڭەر پايدىلىق.

1985-يىل، ئۈرۈمچى.

## تۈنجى قار

چىقسام سەھەر قورۇغا،
ئەتراپقا قار تولۇپتۇ.

سانسىز ئاپئاق كېپىنەك،
ئاق چېچەككە قونۇپتۇ.

دەل ـ دەرەخلەر ئۈستىگە،
ئاقتىن لىباس كىيىپتۇ.
گۈل ـ گىياھلار قولاققا،
كۈمۈش ھالقا سېلىپتۇ.

ئاپئاق تۇسكە كىرىپتۇ،
چەكسىز دالا ـ ئېدىرلار.
يۇرتقا ھۆسن بېرىپتۇ،
تۇنجى ياغقان ئېپەك قار.

دېدىم كۆرۈپ: نەقەدەر،
ھەممەتكە باي تۇنجى قار.
بولسۇن دەيمەن ئاق قاردەك،
قەلبىممۇ پاك بىغۇبار.

1985 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# قىش بوۋاي

ئاپئاق كۈمۈش قار،
ياغدى توختىماي.
ياسىدۇق كۆركەم،
قاردىن قىش بوۋاي.

ئاق شايىدىن تون
كىيگۈزدۇق ئاڭا.
قولىغا ھاسا
تۇتقۇزدۇق يانا.

كەتتى قاملىشىپ
كۆز بىلەن قېشى.
كۆككە تەلپۈنۈپ
تۇردۇ بېشى.

ئوينىدۇق ئۇسسۇل
ئۇنى چۆرىدەپ.

سالىمىز بوۋا
سېنى يولغا دەپ.

شادلىنىپ ناخشا
ئېيتتۇق لاي ـ لاي ـ لاي.
زوقلىنىپ بىزگە
تۇرار قىش بوۋاي.

1985 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

## كومپاس

سەپەردە ھەمراھ
بولغاندا كومپاس.
ھودۇقماي قىلچە
دادىل ئالغا باس.

كومپاس ئازغانغا
كۆرسىتىدۇ يول.
كۆرۈنەر مەنزىل
ماڭساڭلا ئۇدۇل.

كومپاسنى ھەمراھ
قىلساڭ ھەرقاچان.
مۇشكۇل، خەتەردە
تاپىسەن نىشان.

سۆزلىسەك كۆپتۇر
بۇنىڭغا ئاساس.
بىلىم بەئەينى
ئەڭگۈشتەر كومپاس.

ئاشۇ كومپاس بار،
ئازمايسەن يولدىن.
بىلىم مەشئەلدۇر،
چۈشۈرمە قولدىن.

1985 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# ئابلىكىم روزى

## گۈلدەستە

(باللادا)

ھەر بايرامنىڭ ئۆزگىچە،
خاسىيىتى بار، رولى بار.
بايرام ئۈچۈن رۇستەمنىڭ،
دەستە ـ دەستە گۈلى بار.

*　　　*　　　*

گۈزەل پامىر تاغلىرى،
كۆك ئاسمانغا تاقاشقان.
چوققىلارنىڭ بېشىغا،
كۈمۈش دوپپا ياراشقان.

باھار سۈيى يايلاققا
يېشىل مەخمەل زەر باسقان.
كۆز يەتكۈسىز تاغ باغرى،
چېچەكسىگە گۈل قىسقان...

سەھەر كەلدى رۇستەمجان،
ئوت-چۆپى مول يايلاققا.
مەكتىپىگە بارغىچە،
قوي-قوزىلار باقماقتا.

. . . . . . . . . . . .

ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ،
دۆينىڭ كىچىك مالچىسى.
تۇرار ئەنە قولىدا،
ئەپچىلگىنە قامچىسى.

رەڭدار پۆپۈك بەلباغدا
باغلىۋالغان بېلىنى؛
بەلبېغىغا قىستۇرغان
ئامراق دوستى نېيىنى.

بۇ يىل تېخى ئون ئۈچتە،
ئوت يۈرەكلىك ئوغۇل ئۇ.
ئىلىم-پەنگە ئىشقى بار،
تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل ئۇ.

قوي-قوزىلار يايلاقتا
ھۇزۇرلىنىپ ئوتلايتتى.

بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ،
دىككاك ـ دىككاك سەكرەيتتى.

رۇستەم بولدى خاتىرجەم،
دېدى: ”بىر پەس ئولتۇراي.
كىتاب ئوقۇپ دىلىمنى
يېڭىلىققا تولدۇراي...“

قورام تاشقا ئولتۇرۇپ،
كىتاب ئالدى قويىنىدىن.
كۆز يۈگۈرتتى قۇرلارغا،
بېرىلىپ چىن كۆڭلىدىن.

ئوقۇدى ئۇ بىر شېئىر،
چوڭقۇر ئىدى مەنىسى.
يېزىلغانتى ئۇنىڭدا،
تيەنئەنمېنىنىڭ ۋەقەسى.

كۆرۈندى كۆز ئالدىدا
جۇزۇڭلىنىڭ ئوبرازى.
كۆرۈندى كۆز ئالدىدا
خەلقىمىزنىڭ ئۇستازى.

كەتتى بىردىن خىيالى،
تيەنئەنمېنگە — مەيدانىغا.
شۇ تاپ يايلاق قۇچىقى،
ئايلاندى كەڭ ئېكرانىغا:

ئەنە مىليون كىشىلەر
تيەنئەنمېنگە باقاتتى.
گۈل چەمبىرەك كۆتۈرۈپ
مەيدان تامان ئاقاتتى.

كېلەر ئۇلار سەپ تۈزۈپ
مۇنارغا گۈل ياپقىلى.
مېڭىپ زۇڭلى ئىزىدىن
ھەقىقەتنى تاپقىلى.

دەيتتى ئۇلار: "ئەلۋىدا!
ياخشى زۇڭلى جۇ ئېنلەي.
ھاياتىڭىز ئەل ئۇچۇن
بېغىشلاندى پۈتۈنلەي...'

بار ئۇلارنىڭ قولىدا
بايراقچە ۋە پىلاكات.

كۆزلىرىدە چاقنايتتى
قەتئىي نىيەت قەسەميات...

ئەنە بىر توپ پىشۇنىر
بىلدۈرمەكتە تەزىيە.
تۇرۇپ مۇنار ئالدىدا
ئوقۇماقتا مەرسىيە.

"قەبرە سۇپۇرۇش بايرىمى"
راسا قىزىپ كەتكەندە؛
قوشاق، نۇتۇق ساداسى
كۆك قەھرىگە يەتكەندە؛

تۇيۇقسىزدىن مەيدانغا
كەلدى باندىت شۇمپەنلەر.
ئىنقىلابقا، خەلققە
ئىچ-ئىچىدىن ئۆچمەنلەر.

دىدى باندىت باشلىقى:
"بۇ ئاشكارا يامانلىق.
دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ،
باستۇرۇلسۇن قوراللىق!..."

قەھرىمانلار بۇ گەپكە
قىلچە پىسەنت قىلمىدى.
بۇيرۇقنى باندىتنىڭ
پەقەت كۆزگە ئىلمىدى.

تيەنئەنمېن مەيدانى
كەلدى گويا لەرزىگە.
قەھرىمانلار ھەركىتى
كۆتۈرۈلدى ئەۋجىگە...

غالجىرلىشىپ باندىتلار
زوراۋانلىق قىلىشتى.
بىگۇنا كەڭ ئاممىنى
ئۇرۇپ، باغلاپ كېتىشتى...

بىر پىئونېر غەزەپتە
تۈگدى ئەنە مۇشتىنى.
كۆرۈپ ئۇنى شۇم باندىت
غۇچۇرلاتتى چىشىنى.

خىتاپ قىلدى پىئونېر،
كۆزىدە ئوت ئۇچقۇنى:

"تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان،
ئۆرلەيدۇ جەڭ دولقۇنى.

سېغىندۇق بىز، سېغىندۇق،
جۇزۇڭلىنى سېغىندۇق.
بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە،
تيەنئەنمېنگە يىغىلدۇق.

بوش چاغلىما باندىتلار،
ئىنقىلابنى، بىزنى سەن.
باسالمايسەن ئەبەدى،
باتۇر ئوغۇل ـ قىزنى سەن!....

كەلدى باندىت دېۋەيلەپ،
بۇ پىئونېر قېشىغا.
كالتەك بىلەن نەچچە رەت
ئۇردى ئۇستىبېشىغا...

ئاققان قىزىل قان بىلەن
گالستۇكى بويالدى.
ئەنە ئۇنىڭ جەستى
گۇل ـ چېچەككە ئورالدى.

. . . . . . . . . . . . .

*　　*　　*

ئېچىنشلىق بۇ ئەھۋال
رۇستەمجاننى چۆچۇتتى.
يىغىپ خىيال يىپىنى،
قەلبىدىن سۆز ئۇرغۇتتى.

قەبرە سۇپۇرۇش بايرىمى
ئىنقىلابىي، ھەققانى.
خاتىرلىگەن چۇنكى ئۇ
جۇزۇڭلىدەك دانانى.

ئىچى زەھەر تۆت مەرەز
شۇ بايرامنى ئۆچ كۆردى.
چۆچۇرنى خام ساناپ،
ئۇخلىماستىن چۇش كۆردى.

پارتىيىمىز ۋاقتىدا
ئاغدۇردى تۆت مەرەزنى.
خەلقىمىزگە ئېپ كەلدى
مىسلى بەخت نورۇزنى...“

*　　*　　*

تېزماق بولدى رۇستەمجان،
بايرام ئۈچۈن گۈل دەستە.
چىمەنلەرنى ئارىلاپ،
گۈللەر ئۈزدى ھەۋەستە.

بىردىن ئېگىز چوققىدا
قارلەيلىسى كۆردى ئۇ.
تىكىپ ئاڭا كۆزىنى،
تاتلىق خىيال سۈردى ئۇ.

دېدى: ”ئەي قارلەيلىسى،
تېزرەك بۇيان چۈشسەڭچۇ.
قولاق سېلىپ گېپىمگە،
تاغ باغرىغا كۆچسەڭچۇ.

چىقسام ئەگەر چوققىغا،
سېنى كۆپلەپ يىغاتتىم.
جۇزۇڭلىغا بېغىشلاپ،
گۈل دەستىلەر تىزاتتىم...“

شۇ تاپ ئېگىز چوققىدا،
پەيدا بولدى بىر كېيىك.

رۇستەم كۆلدى قاقاقلاپ،
تاپقىنىغا دوست ـ شېرىك.

تۇۋلىدى ئۇ: ”كېپىنەكجان!...
ئىسمىم پىئونېر رۇستەم.
قارلەيلىسى ئېپ چۈشسەڭ،
پۈتەر ئىدى گۈل دەستەم.

ئۇنى سوۋغا قىلاتتىم
بېيجىڭدىكى بايرامغا.
بولار ئىدىم بارغاندەك
جەڭ قوينىغا ــ قايىنامغا“.

زۇۋان كىرىپ كېپىنەككە،
دېدى: ”ئاداش توختاپ تۇر.
مەن چۈشكىچە قېشىڭغا،
بىر پەس كۈلۈپ ئويناپ تۇر.“

گۈللەر ئۈزدى كېپىنەكجان
ئەمەل قىلىپ ۋەدىگە؛
چالدى رۇستەم نېيىنى
يېقىملىق، شوخ پەدىگە.

قارلەيلىسى ئېپ چۈشتى،
گۈزەل پامىر كېيىكى.
ھاياجانغا لىق تولدى،
رۇستەمجاننىڭ يۈرىكى.

گۈلدەستىنىڭ ئىشقىدا،
يالقۇن بولۇپ كۆيدى ئۇ.
سىلاپ كېيىك دوستىنى،
قۇچاقلىدى، سۆيدى ئۇ.

...پۈتتى مانا گۈل دەستە،
شۇنچە كۆركەم، جۇلالىق.
ۋۇجۇدىنى رۇستەمنىڭ
ئورىۋالدى خۇشاللىق.

پارلار ئۈمىد يۇلتۇزى،
ئۇ ئەتراپقا باققاندا؛
بىر توپ قاتار تۇرنىلار
كۆرۈندى كۆك ئاسماندا.

رۇستەم قىلدى ئىلتىماس،
تۇرنىلارنى توختىتىپ؛

قولىدىكى گۈل دەستىنى
پۇلاڭلىتىپ ئوينىتىپ:

"ئەي تۇرنىلار، تۇرنىلار،
يول ئالدىڭلار قاياققا؟!
ئىزھار قىلاي سۆزۈمنى،
كېلىڭلار چۇ بۇياققا.

بولسا ئەگەر قانىتىم،
تىيەنئەنمېنگە ئۇچاتتىم.
جۇزۇڭلىنى خاتىرىلەپ،
گۈل دەستىنى قوياتتىم.

شۇ بايرامغا ئاز قالدى،
ئالدىرايمەن شۇنچە بەك.
باراي دېسەم يول يىراق،
بولساڭلارچۇ يار-يۆلەك!..."

ئەگىپ ئاشۇ تۇرنىلار،
چۇشتى يېشىل يايلاققا.
دېدى ئۇلار: "كەلدۇق بىز،
ساڭا ياردەم قىلماققا.

تيەنئەنمىنگە ئۇچىمىز،
سۆزۈك بولسا بىزگە دە.
ئۇلگۈرتىمىز بايرامغا،
گۈل دەستەڭنى بىزگە بە...“

رەھمەت ئېيتىپ رۇستەمجان،
سۆزلەپ كەتتى خۇش چىراي:
”ئەي تۇرنىلار سىلەرگە
گۈل دەستىنى تاپشۇراي...“

ئۇچقىنىدا تۇرنىلار،
ئاسماندا گۈل ئېچىلدى.
ئۇلار ئۇچقان تەرەپتىن،
پايىرغا نۇر چېچىلدى.

گۈل دەستىنى تۇرنىلار،
بېيجىڭغا ئېلىپ ماڭدى.
ئاق يول تىلەپ رۇستەمجان،
ياپلاقتا كۆلۈپ قالدى.

1980 ـ يىل 2 ـ ئاي.

# ئوتنى كىم قالاپ بەردى؟

بۇ يىل كىردۇق مەكتەپكە،
كىچىك بىزنىڭ يېشىمىز.
سىنىپتا ئوت قالاشتا،
قاتقاندى بېشىمىز.

ئوتلار كۆيدى ھەر كۈنى،
بىزنىڭ سىنىپ مېشىدە.
ئىسسىقلىقى سىنىپنىڭ،
زوق قوزغايدۇ كىشىدە.

ئوتنى كىم قالاپ بەردى،
بىزگە دائىم سەھەردە؟
دەپ بېرەيلى بىز ئۇنى،
سورىساڭلار ئەگەردە.

چوڭ سىنىپنىڭ باللىرى،
قالاپ بەردى ئوت بىزگە.
قىش بولسىمۇ ۋە لېكىن،
بىلىنمىدى سوغ بىزگە.

دەيمىز شۇڭا شادلىنىپ:
چوڭلار بىزگە كۆيۈندى.
ئۇلارنىڭ بۇ روھىدىن
يۈرىكىمىز سۆيۈندى...

1981 - يىل 1 - ئاي.

## ئىلىم - پەن

ئۆگەنگەن ھەر كىشىنى
شادلاندۇرار ئىلىم - پەن.
ئانا ۋەتەن ئىشىنى
جانلاندۇرار ئىلىم - پەن.

ئۆچمەس چىراغ ياندۇرۇپ،
ئۇنتۇلماس ئىز قالدۇرۇپ،
شانلىق تارىخ بېتىنى
نۇرلاندۇرار ئىلىم - پەن.

يېڭىپ توسقۇن - جاپانى،
گۈللەش ئۈچۈن دۇنيانى،

ئەمگەكچىگە كۈچ بېرىپ،
روھلاندۇرار ئىلىم-پەن.

بىزنى ئۇلۇغ غەلىبىگە،
پارلاق، گۈزەل ئەتىگە؛
(يۈكسەك نىشان-پەللىگە)
ئاتلاندۇرار ئىلىم-پەن.

دەيمىز شۇڭا: خىسلەتلىك،
شان-شەرەپلىك، قۇدرەتلىك،
خەلقى ئالەم كۆڭلىنى
زوقلاندۇرار ئىلىم-پەن.

سەن جانجان پەخرىمىز،
سۆيگىنىمىز، بەختىمىز،
ساڭا ئوتلۇق مېھرىمىز
مەڭگۈ ئاقار ئىلىم-پەن...

1981-يىل 9-ئاي.

# ۋەتىنىم ـــ ئانام

ئۇلۇغ ۋەتىنىم
ئەزىز ئانام سەن.
سېنىڭ قوينۇڭدا
شادۇخۇراممەن.

سانسىز ئوت يۈرەك
ئوغۇل ـ قىزىڭ بار.
تارىخ بېتىدە
ئۆچمەس ئىزىڭ بار.

ئېتىكىڭ گۈزەل
رەيھان پۇرايدۇ.
دىلنى بىھېساب
شادلىق ئورايدۇ.

ئېچىلدى سەندە
زەپەر گۈللىرى؛
ياڭراپ تۇرىدۇ
بەخت كۈيلىرى.

ئۇلۇغ پارتىيەم
نۇر چاچتى ساڭا.
نىشان كۆرسىتىپ
يول ئاچتى ساڭا.

تۆتلىشىش ئۇچۇن
ئات سالدىڭ بۇگۇن.
تىپىپ كۈچ-قۇۋۋەت،
يۈكسەلدىڭ بۇگۇن.

ۋەتەن شەنىگە
ئېيتىمەن ناخشا.
دەيمەن يۈرەكتىن:
كۆنسېرى ياشنا!...

1982-يىل 9-ئاي.

# قەلبى ئوتلۇق پىئونېرلار بىز

يۈرىكى ئوتلۇق،
ئەدەبلىك، روھلۇق،
ئىشلىرى قۇتلۇق،
پىئونېرلار بىز.

ئىقبالغا باققان،
ھەركەتتە چاققان،
دەرستە تىرىشچان،
پىئونېرلار بىز.

خۇشال، بەختىيار،
قەلبى بىغۇبار،
ياخشى ئىزباسار،
پىئونېرلار بىز.

ۋەتەننى سۆيگەن،
پەن ئۈچۈن كۆيگەن،
ئالغا ئۆرلىگەن،
پىئونېرلار بىز.

1982 ـ يىل 10 ـ ئاي.

## سوراڭ بىزدىن مۇئەللىم

سوراڭ بىزدىن مۇئەللىم،
ئامرىقىڭلار نېمە دەپ.
سوراڭ يەنە بىزلەردىن،
شادلىقىڭلار نېمە دەپ.

بىردەك جاۋاب بېرىمىز،
بىز ئۆسمۈرلەر ئۇنىڭغا.
ئەي قەدىردان مۇئەللىم،
قۇلاق سېلىڭ بۇنىڭغا:

ئىلىم ـ پەندۇر مەڭگۈلۈك
ئامرىقىمىز بىزنىڭكى.
ئۇنى ھارماي ئۆگىنىش
شادلىقىمىز بىزنىڭكى!...

1982 ـ يىل 11 ـ ئاي.

## يېڭى يىل ناخشىلىرى

### ياڭراق ناخشا بۇ

يېڭى يىل كەلدى،
ئېچىپ كەڭ قۇچاق.
مۇبارەكلەيمىز،
ياڭرىتىپ قوشاق.

باشلاندى بۆگۈن
يېڭى يېشىمىز.
شادلىقتىن كۆككە
يەتتى بېشىمىز.

ھەممىمىز مەھكەم
تۇتۇشقاچقا قول.
شەرەپ - شانىمىز
بولدى شۇنچە مول...

يېڭى بىر يىلدا
دۇلدۇل بولىمىز.
ئىلىم - پەن بىلەن
مەشغۇل بولىمىز.

بىزنىڭ ۋەدە بۇ
ئوتلۇق دىلدىكى.
ياڭراق ناخشا بۇ
يېڭى يىلدىكى.

## "مېھمان"

دېدىم: جان دادا،
بىر "مېھمان" كەلدى.
بەرىكەت بىلەن،
شادىمان كەلدى.

ئاشۇ "مېھمان"نى
قارشى ئاللى.
ناخشىلار ئېيتىپ،
سازلار چاللى...

سورىدى دادام،
قۇچاقلاپ مېنى:
ئېيتقىنا ئوغلۇم،
ئۇ "مېھمان"قېنى؟

دېدىم: بۈگۈن دەل
شانلىق يېڭى يىل.
كەلسە ئۇ كۈلۈپ
شادلانمامدۇ دىل...؟

شۇگلاشقا ئۇنى
"مېھمان" ئاتىدىم.
تەنتەنە قىلماي
تۇرالماس ھېچكىم...

دادام زوقلىنىپ،
دېدى: گېپىڭ راست؛
يېڭى يىل گويا
"مېھمان"غا ئوخشاش؛

قارشى ئالايلى
ئۇنى بىز قىزغىن.
يېڭى ئىشلارغا
ئاتلىنىپ تېزدىن.

سەن ئەلا ئوقۇ،
مەن ئىلغار بولاي.
شۇندىلا "مېھمان"
ئاچار خۇش چىراي.

## دوستۇمغا

دوستۇم، ھەر كۈنۈڭ
مەنىلىك بولسۇن.
ئەقىل بېغىڭغا
گۈل - چېچەك تولسۇن.

باغلا بېلىڭنى
پولات كەمەردە.
قەيسەر جەڭچى بول
يېڭى سەپەردە.

ھارماي ئۆگىنىپ
قىلغىن تەپەككۇر.
ئەل - ۋەتەن ساڭا
ئېيتار تەشەككۇر.

## يېڭى يىل كۈنى

بىرىپ مەكتەپكە،
تىزىلدۇق سەپكە،

كەلدۇق غەيرەتكە،
يېڭى يىل كۈنى.

دېدۇق خۇش ئاۋاز:
سالام، ئەي ئۇستاز،
قىلىمىز پەرۋاز!...
يېڭى يىل كۈنى.

لوزۇنكا ئاستىۇق،
پانۇسلار ياقتۇق،
پوجاڭزا ئاتتۇق،
يېڭى يىل كۈنى.

شادلىققا چۆمدۇق،
سەكرىدۇق، كۈلدۇق،
ئويۇنلار كۆردۇق،
يېڭى يىل كۈنى.

دوست ـ قەدىردانلار،
قەلبى گۈلخانلار،
تۈزدۇق پىلانلار،
يېڭى يىل كۈنى.

## كۆلەيلى دوستلار

ئۆتكەنكى بىر يىل
جەڭگىۋار يىلدۇر.
نى ئىشلار پۈتكەن
بەختىيار يىلدۇر.

يۈكسەلدى چۈنكى
ھەرقايسى سەپلەر.
بۇ ھەقتە قىزغىن
قىلىمىز گەپلەر:

ئىشچى تاغىلار
شىمايلاپ يەڭنى؛
زاۋۇت ـ كانلاردا...
قىزىتتى جەڭنى.

ئىشلەندى كۆپلەپ
داڭلىق مەھسۇلات.
تۇرلۇك ئۇسكۇنە،
تۆمۈر ۋە پولات...

ئىشلەندى ھەر خىل
رادىئو، ئۈنئالغۇ،
رەڭلىك تېلېۋىزور،
رەخت، كىيىم، چالغۇ...

نېفىت دەرياسى
ئاقتى شارقىراپ.
ئىجاد يۇلتۇزى
كۈلدى پارقىراپ.

كۈمۈش تەر تۆكتى
دېھقان تاغىلار.
گۈلگە يېپىندى
ئېتىز - داللار...

بوي سوزدى كۆككە
ھوسۇل تاغلىرى.
مېۋىگە تولدى
يېزا باغلىرى...

چىمەن يايلاقلار
خۇش چىراي ئاچتى.

ئات، كالا، قويلار...
ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئىخ، بۈگۈن تۇرمۇش
ھەسەلدىن تاتلىق.
بازارلار ئاۋات...
دىللاردا شادلىق.

باتۇر ئارمىيەم
چىڭ باغلاپ بەلنى؛
ھوشيارلىق بىلەن
قوغدىدى ئەلنى.

ئارمىيە ۋە خەلق
بولدى ئىتتىپاق.
ئىسىل پەزىلەت
چاچتى خۇش پۇراق.

پەنۇ تېخنىكا
راۋاجلاندى تېز.
ئۆگەنمەكتىمىز
مىليون ئوغۇل ـ قىز.

ئەدەب ـ ئەخلاقنى
سۆيدى خەلقىمىز.
ۋەتەن ئىشقىدا
كۆيدى خەلقىمىز.

. . . . . . . . . . . . .

ئۇلۇغ پارتىيەم
چاچتى پارلاق نۇر.
شۇڭا ئۆتكەن يىل
بولدى غەلىبە زور...

*　　　*　　　*

چۇلغىدى دىلنى
يالقۇنلۇق ھېسلار.
شانۇ زەپەرنى
كۈيلەيلى دوستلار.

1982 ـ يىل 12 ـ ئاي.

## تەنەپپۇس

ھەر سائەتلىك دەرس تۈگەپ
بولۇر تەنەپپۇس.

ئۆتكۈزىمىز بىز ئۇنى
جۇشقۇن، راۋۇرۇس.

ئۇنىڭ ۋاقتى شۇ قەدەر
بولسىمۇ قىسقا.
مەزمۇنغا باي ئىش قىلىپ
تولىمىز ھېسقا.

جاراڭلايدۇ ھەرياندا
شادلىق كۈيلىرى.
قىزىپ كېتەر ئويۇننىڭ
ھەر خىل تۈرلىرى...

گاھى ئارقان تارتىمىز
سىنىپلار ئارا.
گاھى گېزىت ئوقۇيمىز
بېرىلىپ تازا.

گاھى چۈشۈپ كېتىمىز
قىزىق سۆھبەتكە.
يول قويمايمىز ھېچقاچان
يامان ئىللەتكە.

شوخ تايچاقتەك سەكرىشىپ
ئالىمىز ئارام.
ھەر ئەنەپپۇس ۋاقتىمىز
ئۆتەر شاد ـ خۇرام.

1982 ـ يىل 12 ـ ئاي.

# بىز بەختىيار بالىلار

(ئېيتىشىش)

تونۇشتۇراي ئۆزەمنى،
مېنىڭ ئىسمىم دولقۇندۇر.
پەن ـ بىلىمنىڭ ئىشقىدا،
يۈرەك ـ قەلبىم يالقۇندۇر.

مەنمۇ سۆزلەي ئاز ـ تولا،
مېنىڭ ئىسمىم ئۇچقۇندۇر.
لېپ قېك روھى مەن ئۇچۇن،
تۇتىيادۇر، ئالتۇندۇر.

ئا. ب: ئاتا ـ ئانا، ئۇستازلار،
بىزدىن بەكمۇ مەمنۇندۇر.

ساۋاقداشلار ھەرقاچان،
ئىشىمىزغا مەپتۇندۇر.

ئا: سەھەر تۇرۇپ ھەركۈنى،
مەكتەپكە يول ئالىمەن.
كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ،
قەلبىمگە نۇر ئالىمەن.

ب: يايراپ كېتەر يۈرىكىم،
مەكتەپ دېسە، دەرس دېسە.
ئىشەنمەيمەن زادىلا،
ئۆگىنىشنى تەس دېسە.

ئا. ب: غەيرىتى بار كىشىنىڭ،
غەلىبىسى قوش، كۆڭلى خۇش.
قەلبىمىزگە نۇر چاچار،
"تۆتتە گۈزەل، بەش بولۇش".

بىز بەختىيار بالىلار،
ئۆسمەكتىمىز شادلىنىپ.
ئىلگىرىلەيلى تېخىمۇ،
مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىپ.

1982 ـ يىل 12 ـ ئاي

# تېپىشماق

تىلىڭ تاتلىق، قىزىقسەن،
ئەي تېپىشماق، تېپىشماق.
كۆڭۈللۈكتۇر بىز ئۈچۈن،
سېنى دائىم ئېيتىشماق.

قىسقا، ئىخچام بولغاچقا،
ئەستە ئاسان قالىسەن.
بىزنى پىكىر قىلدۇرۇپ،
توغرا جاۋاب ئالىسەن.

سېنى ئامراق دوست تۇتتۇق،
قېشىمىزغا كېلىشەر.
خۇشتار بىز تەپەككۇرغا،
بىزنى ئويغا سېلىشەر.

ئەي تېپىشماق، بىز سېنى،
ئېيتىپ زادى تويمايمىز.
قانچە قىيىن بولساڭمۇ،
چوقۇم تاپماي قويمايمىز.

1983 ـ يىل 1 ـ ئاي.

# "سەككىز دوست"نىڭ سۆھبىتى

ئايدىڭ كېچە، "سەككىز دوست"
كەلدى يېشىل باراڭغا.
سىنچاي ئىچىپ، ئۈزۈم يەپ،
چۈشتى قىزغىن پاراڭغا.

قۇلاق سالدىم زوقلىنىپ،
بۇ "دوستلار"نىڭ سۆزىگە.
مېنى ئۇلار سۆھبىتى،
مەپتۇن قىلدى ئۆزىگە.

بىرى دېدى: كىشىلەر
مېنى "ئىسىم ــ ئات" دەيدۇ؛
ئۇنىڭ خىزمەت ـ ئىشىدىن،
بىز دائىما شاد دەيدۇ.

ئادەم، نەرسە، ۋەقە...نىڭ،
بىلدۈرىمەن نامىنى.

بىلدۈرىمەن ئۇلارنىڭ،
ئۇنۋانىنى — شانىنى.

كىم، نېمە؟ سوئالىغا،
جاۋاب بولۇپ كېلىمەن.
خىزمىتىمنى ھەرقاچان،
شەرەپلىك دەپ بىلىمەن...

ئىككىنچىسى دەس تۇرۇپ،
دېدى: گۈزەل "سۈپەت" مەن.
ئادەملەرگە، نەرسىگە،
يارىشىملىق زىننەتمەن.

بىلدۈرىمەن ئۇلارنىڭ،
رەڭگى، تۈرى، تەمىنى.
بىلدۈرىمەن ھەجمى ھەم
مىجەز-خۇلقى، پەمىنى...

قانداق؟ دەپلا سوراۋەر،
جاۋاب بېرىش مېنىڭدىن.
ئېسىل ئەخلاق، ياخشى نام،
ھېچ كەتمىسۇن يېنىڭدىن...

ئۇچىنچىسى سۆز ئېلىپ،
دېدى: "سان" دەپ نامىم بار.
ھېساب ـ كىتاب ئىشىدا،
ماغدۇرۇم بار — جانىم بار.

ئادەم بىلەن نەرسىنىڭ،
بىلدۈرىمەن سانىنى.
ئىپادىلەپ بېرىمەن،
تەرتىپىنى، خانىنى...

سورا قانچە، نەچچە؟ دەپ،
ئۇ ماڭا بەك خاس سوئال.
قانچىنچى ۋە نەچچىنچى،
دېگەنلەرمۇ ماس سوئال...

تۆتىنچىسى خۇش كۈلۈپ،
دېدى شۇنداق: "ئالماش" مەن.
ئىسىم، سۈپەت، سان بىلەن،
جۈملىلەردە تەگداشمەن.

ئاشۇلارنىڭ ئورنىغا،
ئالمىشىپ كېلەلەيمەن.

ئۇلار بىلەن ئوخشاشلا،
مول مەزمۇن بېرەلەيمەن...“

ئېتىمدۇر ”پېئىل“ دېدى،
بەشىنچىسى سۆز باشلاپ.
(ئۆزى شۇنچە ھەركەتچان،
ھەر تەرەپكە كۆز تاشلاپ):

ئىش - ھەركەتنى بىلدۈرمەك،
مېنىڭ مۇھىم خىزمىتىم.
بولمىغاندا ھەركەتلەر،
ئاشماس ئىدى ھۆرمىتىم.

نېمە قىلدى؟ نېم بولدى؟
سوئالىنى قوي ماڭا.
ئاڭا جاۋاب بەرگەندە،
بولۇر گويا توي ماڭا...

ئالتىنچىسى دېدىكى:
”ياردەمچى سۆز“ دېگەن مەن.
جۈملىلەرنى باغلاشنىڭ
زەنجىرىدەمەن، بەلەنمەن.

مەن بولغاچقا دوستلىشار،
ئاددىي جۈملە ـ بۆلەكلەر.
تولۇق مەزمۇن بېغىدا،
ئېچىلدۇ چېچەكلەر...

يەتتىنچىسى زوق بىلەن،
دېدى: ئېتىم "رەۋىش" تۇر.
ۋەزىپەم ئىش ـ ھەركەتنى،
چوڭقۇر بايان قىلىشتۇر.

ئىش ـ ھەركەتلەر يۈز بەرگەن،
قاچان، قانداق، قەيەردە؟
ئاڭلا جاۋاب بېرىمەن،
سورىساڭلا ئەگەردە.

مەن يۈرىمەن دائىما،
"پېئىل" بىلەن باغلىنىپ.
شادلىقىمدۇر: جۈملىلەر —
كۆلۈپ كەتسە جانلىنىپ...

ئاخىرىدا بىرەيلەن،
دېدى خۇشال "ئىملىق" مەن.

ئۆزەم كىچىك بولساممۇ،
تەرىپكە باي، ئىللىقمەن...

ھېس-تۇيغۇلار جۇملىدە،
پەيدا بولۇر مەن بىلەن.
دەيدۇ شۇڭا جۇملىلەر:
"كۆركەم بولدۇق سەن بىلەن".

ئۇلار تەكشى تىزىلىپ،
دېدى مەغرۇر، جاراڭلىق:
"سەككىزىمىز ئايرىلماي،
يۈكسىلىمىز داۋاملىق.

سۆز تۈركۈمى ئاتالدۇق،
ئۇيغۇر ئانا تىلىدا.
مەڭگۈ ياشار نامىمىز،
خەلقىمىزنىڭ دىلىدا.

لېكىن، بىزنى بەزىلەر،
ئۆگەنمىدى پۇختىراق.
ئىشلەتكەندە شۇڭلاشقا،
بولۇپ قالدۇق چولتىراق.

گۈزەل ئانا تىلىمىز،
مەشھۇر تۇرسا ئالەمگە.
ئۇنى پۇختا بىلمەسلىك،
سەت ئەمەسمۇ ئادەمگە؟!...

شۇ سەۋەبتىن جەم بولۇپ،
بايان قىلدۇق پىكرنى.
ئۆگەنگەنلەر بىزگە چىك
باغلىسىكەن مېھرىنى.

كىمكى مېھر باغلىسا،
ئالار بىلىم ـ چۈشەنچە.
قوللىنىشقا بىزنى دەل،
ئاشار غەيرەت ـ ئىشەنچە...“

*　　*　　*

”سەككىز دوست“نىڭ سۆھبىتى،
ئىلھام بەردى دىلىمغا.
كۆكۈل قويۇپ ئۆگەنسەم،
بۇلبۇل قونار تىلىمغا.

1983 ـ يىل 1 ـ ئاي.

# باھار قوشاقلىرى

## باھار كەلدى

قىش بوۋاينى قېرىتىپ،
قار-مۇزلارنى ئېرىتىپ،
يەر-جاھاننى ئىللىتىپ،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

جان-جانۋارلار مىدىرلاپ،
قارلىغاچلار ۋىچىرلاپ،
كۆك مايسىلار پىچىرلاپ،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

ئېچىلىپ گۈل-چېچەكلەر،
تەڭگە بولۇپ تېرەكلەر،
جەۋلان قىلىپ لەگلەكلەر،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

سۇغا تولۇپ ئېرىقلار،
پىلتىڭ ئېتىپ بېلىقلار،

كۆكىرىپ تال-چىۋىقلار...
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

پاقا-قۇمچاق كۇركىراپ،
يىللىق شامال غۇرقىراپ،
چاقپىلەكلەر پىرقىراپ،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

كىيىپ يېشىل چاپاننى،
ئىشقا چىللاپ دېھقاننى،
جانلاندۇرۇپ ھەر ياننى...
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

كېلىڭ دوستلار ئوينايلى،
دەريا بويى بويلايلى،
شاد ناخشىلار توۋلايلى،
باھار كەلدى يۇرتۇمغا.

## **بىز باھاردا تۇغۇلغان**

بىز ئوت يۇرەك بالىلار،
گۈلباھاردا تۇغۇلغان.

شۇ باھارنىڭ نۇرلىرى،
قەلبىمىزگە قويۇلغان.

ئۈسمەكتىمىز بەختىيار،
باھار سۆيگەن ۋەتەندە.
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمىز،
گۈلزارلاردا چىمەندە.

دىل رىشتىمىز باغلانغان،
ۋەتەن — ئالتۇن دىيارغا.
قەلبىمىزنىڭ كۈيلىرى،
ئاقار مەڭگۈ باھارغا!...

## ئۇستازغا گۈل تۇتىمەن

باغقا گۈللەر تېرىدىم،
تۆكۈپ كۈمۈش تەرىمنى.
گۈل-چېچەككە ئورايمەن،
بۇك-باراقسان بېغىمنى.

گۈل بېغىمغا قۇياشنىڭ،
ئالتۇن نۇرى چېچىلار.

پەرۋىش تېپىپ گۈللىرىم،
گۈزەل، كۆركەم ئېچىلار.

دەستە تۈزۈپ شۇ گۈلدىن،
ئۇستازىمغا تۇتىمەن.
ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنىپ،
بەيگىلەردە ئۇتىمەن.

## مەڭگۈلۈك باھار

"باھار پەسلى ئېسىل" دەر،
ھەممە ئادەم ئەزەلدىن.
شۇڭا ئۇنى ماختىشىپ،
چۈشۈرمەيدۇ غەزەلدىن.

باھار پەسلى بىر يىلدا،
بىرلا كېلىپ ـ كېتىدۇ.
تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە،
رەڭلەر بەخش ئېتىدۇ.

بىزنىڭ ئانا ۋەتەندە،
بىر باھار بار، كەتمەيدۇ.

باھار پەسلى ھېچقاچان،
ئۇ باھارغا يەتمەيدۇ.

ئۇ باھاردۇر مەڭگۈلۈك،
بەختىمىزنىڭ باھارى.
ئۇ باھاردۇر دوستلىرىم،
قەلبىمىزنىڭ باھارى.

شۇ باھارنىڭ نۇرىنى،
پارتىيىمىز چاچماقتا.
گۈزەل ئىقبال ـ كېلىچەك،
بىزگە قۇچاق ئاچماقتا.

1983 ـ يىل 2 ـ ئاي.

## ئابدۇقادىر ھەسەن

# جەڭچى ئاكامغا

باتۇر جەڭچى ئاكام بار،
ئېگىز تاغدا، چېگرىدا.
قەھرىمانلىق خىسلىتى،
داستان دائىم تىللاردا.

ئاكام جەڭچى، مەن ئۆسمۈر،
ئەزىز ئەلنى قوغدايمىز.
پىدا بولۇپ ھەر ئىشتا،
زەپەرسېرى ئۆرلەيمىز.

سۈت ئانىمىز كۆيۈنۈپ،
جەسۇر قىلىپ ئۆستۈردى.
ۋەتەن ئانا سۆيۈنۈپ،
شان-شەرەپكە چۆمدۈردى.

جەڭچى ئاكا ئۆرلەپسەن،
كۆردۇم ئۇنى خىتىنگدىن.
ساگا ئالقىش دولقۇنلاپ،
ياغدى ئۆسمۈر ئىنىگدىن.

قەيسەر جەڭچى ئاكامغا،
يازدىم ئوتلۇق سالام خەت.
جاسارەتكە - - غەيرەتكە،
قايناق بىزدە مۇھەببەت.

1980 - يىل 2 - ئاي.

# مەھەللىمىزنىڭ باللىرى

(سىيكىل)

## مۇقەددىمە

مەللىمىزنىڭ باللىرى،
رەڭدار گۈلدەك زەپ ئوماق.
قەلبى گۈزەل، سۆزى گۈل،
ناخشىلىرى بەك ياڭراق.

بىر نىيەتتە ئىتتىپاق،
ئۇيغۇر، قىرغىز ھەم تاجىك.
بىر نىيەتتە بەك ئامراق،
خەنزۇ، قازاق ھەم ئۆزبېك.

ياڭزا - ياڭزا بولسىمۇ
كىيىم، ئادەت، تىللىرى.
ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم
پىكىر - خىيال، دىللىرى.

بىرى شائىر، سازەندە،
بىرى ئارتىس، ئۇسسۇلچى.
بىرى مۇخبىر ھەم رەسسام،
بىرى ماھىر چېلىشچى...

ياڭرار كۈندە يېقىملىق،
يېڭى - يېڭى ناخشىلار.
ناخشىلاردا كۈيلىنەر،
لېي فېڭچىلار، ياخشىلار.

# ئىناق دوستلار

مەلتىمىزدە بەش قىزچاق،
بەشىلىسى شوخ قىزچاق.
ئەلنى سۆيگەچ قەلبىدە،
ھەممە كىشى خۇش قىزچاق.

ئۇيغۇر قىزى گۇلنىسايىم،
سۆزى بەكمۇ مۇلايىم.
چىچى تال - تال ئۆرۈلگەن،
پاكىز، رەتلىك ھەر دائىم.

قىرغىز قىزى سۇلايقا،
چاچلىرىدا زەر ھالقا.
جىسمى گويا ئۇيۇلتاش،
كۈچلۈك قوللىرى بولقا.

قازاق قىزى قايىشا،
ياڭزىلىرى يارىشا.
كۆيۈنىدۇ دوستلارغا،
ياردەم بېرىپ كەڭتاشا.

خەنزۇ قىزى جاڭ شۇلەن،
خۇي-مىجەزى بەك بەلەن.
ئەلنى سۆيەر، پەن سۆيەر،
ئاپئاق، گۈزەل دىل بىلەن.

تاجىك قىزى مەرىيە،
قەلبى ئەلگە ھەدىيە.
ناخشىسىدا كۈيلىنەر،
ئىناقلىققا مەدھىيە.

بەشىلىسى بەك ئوماق،
بىر-بىرىگە بەك ئىناق.
نىشانى بىر، قەلبى بىر،
ئالغا باسار ھەممە ۋاق.

پەنىنىڭ ئىشقى دىلىدا،
ئۆرلەر ئەلنىڭ يولىدا.
چاقماق كەبى سۆزلىشەر،
بىر-بىرىنىڭ تىلىدا.

بۇ قىزلارنىڭ ئىسمى گۈل،
ھۆسنى گۈل ھەم سۆزى گۈل.

گۈل ئېچىلار ئۈزىدىن،
ماھارەتلىك قولى گۈل.

ناخشا ئېيتسا ئۇيغۇرچە،
ئۇسسۇل ئوينار تاجىكچە.
قومۇز چالسا قىرغىزچە،
ئۆلەن ئېيتار قازاقچە.

يۈكسەك ئالى تىلەكى،
ئالماس شۇڭا بىلەكى.
چىن دوستلۇقنىڭ يولىدا،
لاۋۇلدايدۇ يۈرىكى.

چوڭنى ئاغا، ھەدەم دەپ،
كىچىكلەرنى ئۇكام دەپ.
ئاجىزلارنى يېتەكلەپ،
ئۆتەر ئۇلار ئىناق-ئەپ.

ئۇلار ساغلام گاڭ بىلەك،
قەلبى گۈل چوغ يۈرەك.
خۇش پۇراقلىق ئېچىلغان،
زەپمۇ رەڭدار گۈل چېچەك.

بىر ـ بىرىگە بەك تەشنا،
ئۆتەر ئۇلار بوپ قوشــنا.
ئەنە شۇنداق دوستلۇقنى،
ئەلمۇ دەيدىكەن ياشنا!

## بىر جۈپ قىزىلگۈل

بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ،
بىرجۈپ قىزچاق گۈل ـ چېچەك.
ئىلىم ـ پەنگە زەپ تەشنا،
چوغدەك قىزىل، ئوت يۈرەك.

بىرى زېرەك ئۇيغۇر قىز،
ئىسمى ئۇنىڭ گۈلباھار.
"ئۈچتە ياخشى" ئۆسمۈر دەپ،
مەكتەپتە نامى بار.

بىرى ئوماق خەنزۇ قىز،
ئىسمى ئۇنىڭ جاڭ شۇلەن.
داڭ چىقاردى مەكتەپتە،
"لېي فېڭ" دېگەن نام بىلەن.

باھار بىلەن شۇلەن قىز،
بىر يېزىدا تۇغۇلغان.
ۋۇجۇدىغا دوستلۇقنىڭ،
شەربەتلىرى قۇيۇلغان.

ئۇلار كېلەر سەھەردە،
مەكتىپىگە بەسلىشىپ.
گالستۇكى لەپىلدەر،
شەپەق بىلەن رەڭلىشىپ.

بۇ ئىككى ئۆسمۈر بالىنى،
مەكتەپ ئالغا يېتەكلەر.
يۈرىكىدە نۇر چېچىپ،
"لېي فېڭ روھى" چېچەكلەر.

ئىككى تىلدا ھەر بىرى،
بىر چىرايلىق سۆزلەيدۇ.
ئارزۇلىرى بەك گۈزەل،
بىر مەقسەتنى كۆزلەيدۇ.

ئۇلار ئۆستى دوست بولۇپ،
ئايرىلمايدۇ مەڭگۈگە.

يۈرەكلىرى تەڭ سوقار،
ئورناشقاچقا بىر تەنگە.

بۇ قىزلارنىڭ قەلبىدە،
ئاقار ئوتلۇق ھارارەت.
ئۆسمۈرلەرگە يول باشلاپ،
ئىگەللەيدۇ ماھارەت.

باھار بىلەن شۇلەن قىز،
بىر تەندىكى قوش يۈرەك.
جەڭ-چېلىشتا مەردانە،
لاۋۇلدىغان ئوت يۈرەك.

بىرى دەيدۇ: دوختۇر بوپ،
داۋالايمەن كېسەلنى.
ۋەتەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن،
قوشماقچىمەن ھەسسەمنى.

بىرى دەيدۇ: چوڭ بولسام،
باش ئاگرونوم بولىمەن.
پەن-تېخنىكا ئۆگىنىپ،
كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىمەن.

مەنمۇ دېدىم ئۇلارغا:
دائىم ئالغا بېسىڭلار!
مۆجىزىلەر يارىتىپ،
يىل بويىنغا ئېسىڭلار!

## كىچىك باغۋەن

قاسىم بۇ يىل ئون بىر ياش،
ئالتىنچىدە ئوقۇيدۇ.
ئەلاچى بوپ مەكتەپتە،
زەپەرسىرى ئۆرلەيدۇ.

قاسىم ھەر يىل باھاردا،
بەش تۈپ كۆچەت تىكەتتى.
ئاسراپ ئۇنى تېنىدەك،
زىيان-زەخمەت بەرمەيتتى.

ھارام شاخنى چاتايتتى،
ياۋا بىخنى پۇتايتتى.
ئوغۇت بېرىپ، سۇ قۇيۇپ،
ھاشارەتنى قويمايتتى.

شۇڭا بىر تال قۇرۇماي،
ئۆستى كۆچەت باراقسان.
كىچىك باغۋەن ئىشچانىنىڭ،
بولدى بېغى گۈلىستان.

قاسىم تىككەن كۆچەتلەر،
بۇ يىل بولدى ئوتتۇز تۈپ.
ئون بەش تۈپى چېچەكلەپ،
مېۋە بەردى بەكمۇ كۆپ.

مەي باغلىدى ئۈجمىلەر،
ئوخشاپ كەتتى ئانارلار.
زەپمۇ رەڭدار، تەمى بار،
ئۆرۈك، ئەنجۈر، ئالمىلار.

لەززەتلىنىپ دوستلىرى،
مېۋىلەردىن يېيىشتى:
— ئەمگىكىڭگە تەشەككۈر،
رەھمەت باغۋەن، — دېيىشتى.

# ئورمان قوشاقلىرى

مەلىمىزنىڭ باللىرى،
گۆزەل باغلار قۇرۇپتۇ.
ئورمان تىكىش ھەققىدە،
ئوتلۇق قوشاق توقۇپتۇ:

— ئورمان تىكسەك سايلارغا،
بۆك-باراقسان باغ بولدى.
رەڭمۇ رەڭدە چىچەكلەپ،
مېۋىلىرى ياغ بولدى.

ئورمانلارنىڭ خىلى كۆپ،
قارىغاي، چىنار، سۆۋادان.
ياڭاق، ئالما ھەم ئۆرۈك...
ھەممە يەرگە تارالغان.

نەدە ئورمان كۆپ بولسا،
شۇ يەر بولار ھاۋالىق.
سۆزۈك، سالقىن ھاۋادا،
قاينار بەزمە ناۋالىق.

ئورماندا كۆپ خىسلەت بار،
ھاۋانى زەپ ساپ قىلار.
كاربون گازنى سۈمۈرۈپ،
ئوكسىگىننى تارقىتار.

ئورمان دېگەن دىيارنىڭ
كۆركەم، گۈزەل زىننىتى.
شۇنچە كۆپتۇر تۇرمۇشتا،
ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى.

قۇرۇلۇشقا، ئۆيلەرگە،
كېرەكلىكتۇر ياغىچى.
قۇۋۋەت بېرەر بەدەنگە،
شىپالىقتۇر مېۋىسى.

بىراك چىقماس ئورماندىن،
ئۇ سانائەت ئوزۇقى.
زايا بولماس زادىلا،
ياپراق ياكى قوۋزىقى.

توسار ئورمان بەلبېغى،
بوران، قۇمنى، ئاپەتنى.

قوغداپ قالار گۈلستان،
ئېتىز، باغ، زىرائەتنى.

كۆكلەۋېرەر ئورمانلار،
سۇ ئىچسە، ئوغۇتلانسا.
پەرۋىشلىنىپ دائىما،
زىيانداشتىن قوغدالسا.

چىك تۇتۇپ بىز پەيتنى،
كۆپلەپ ئورمان تىكەيلى.
بوستان قىلىپ ۋەتەننى،
يېشىللىققا پۈركەيلى.

## مەغرۇرلۇقنىڭ زىينى

تونۇمىسىزلەر دوستچاقلار،
ئەمەت دېگەن بالىنى.
ئۇنتۇماڭلار ئەمەتكە،
كەلگەن ئاچچىق ساۋاقنى.

ئۆتكەن يىلى ئەمەتجان،
دائىم يۈزنى ئالاتتى.

ئەلاچىمەن دەپ ئۆزدگە،
كۆپ تەمەننا قوياتتى.

بىرەر ھەپتە ئۆزىنى،
زادى بىلمەي كەتتى ئۇ.
ئويۇن بولسا پالاقلاپ،
سەپ ئالدىدا چاپتى ئۇ.

دوستلىرىغا كۆرەڭلەپ،
پونى يوغان ئاتتى ئۇ.
"جىمى ئىشنى بىلىمەن"،
دەپمۇ سۆزلەپ باقتى ئۇ.

تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق،
ئەسقاتمىدى ئەمەتكە.
ئاز كۇن ئۆتمەي نومۇرى،
چۇشۇپ قالدى ئەللىككە.

قانداق قىلسۇن ئەمەتجان،
بولدىغۇ بەك سەتچىلىك.
ئويلانمىغان ھەرگىز ئۇ،
كېيىن قالارنى بۇنچىلىك.

مەرىپەتكە سەمىمىي،
مەڭگۈ ھارماس تىل لازىم
كەمتەر، ئېسىل خىسلەتلىك،
راستچىل، قەيسەر، دىل لازىم.

پەن دېگەن ئۇ ھەقىقەت،
تەلەپ قىلار چىنلىقنى.
بولساڭ كەمتەر، سەمىمىي،
چاقالايسەن مېغىزنى.

**خاتىمە**

مەلىمىزنىڭ بالىلىرى،
پەزىلەتلىك، خىسلەتلىك.
چوڭ ـ كىچىكنىڭ ئاغزىدا،
ئىززەتلىك ھەم ھۆرمەتلىك.

تۈگىمەيدۇ يازغانغا،
تىلدا داستان ئىشنى.
سۆزلەپ بەردىم سىلەرگە،
نەچچە مىڭدىن بىرىنى.

1980 ـ يىل 6 ـ ئاي.

# ئۈچ گۆھەرنىڭ سۆھبىتى

ئېيتىپ بېرەي دوستچاقلار،
بىر سۆھبەتنى ئاڭلىدىم.
ئاڭلىغانچە سۆيۈندۈم،
شۇڭا دىلدىن قانمىدىم.

* * *

كۆكتە قۇياش جىلۋىلىك،
ئالتۇن نۇرلار سېپەتتى.
يەردە گويا ھاياتلىق،
قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلەتتى.

تۇتاش ئېتىز، تاغ، دېڭىز،
يېشىللىققا چۆمۈپتۇ.
ئۇندا ھاۋا، نۇر ھەم سۇ،
شېرىن سۆھبەت قۇرۇپتۇ.

ھاۋا سۆزلەر شادلىنىپ:
مەن ھاياتتا بەك مۇھىم،
جىمى جايدا مەشھۇردۇر،
نامىم مېنىڭ گاز جىسىم.

تۇرسام كۆكتە شەكلىم يوق،
ھەمدە روشەن رەڭگىم يوق.
پۇراق ياكى تەمىم يوق،
ھەر ۋاق خۇشال، غېمىم يوق.

ئىنسان مېنى يەل دەيدۇ،
دائىم تەشنا كەل دەيدۇ.
سەن بولغاچقا ھايات بىز،
ھەممە نەرسە تەل دەيدۇ.

جانلىق ھەمدە گىياھنىڭ،
ۋۇجۇدىغا ياقىمەن.
نەپەسلەردە تومۇردا،
دولقۇنلايمەن ئاقىمەن.

مەن بولمىسام بىرئازلا،
ھاياتىڭىز تۈگەيدۇ.
ھۇجۇم قىلىپ شۇم ئەجەل،
سىزنى گۆرگە يوللايدۇ.

ئۇچالمايدۇ مېنىڭسىز،
جەۋلان قىلىپ كۆكتە قۇش.

ئۆسەلمەيدۇ مېنىڭسىز،
ھەتتا گىياھ بوپ بىھوش.

مەن بولمىسام بولمايدۇ،
جىسىملاردا ئېغىرلىق.
مەن بولغاچقا نۇر چېچىپ،
تۇرار يالقۇن يېنىقلىق.

مېنى چاققا قاچىلاپ،
ئۇچار پىكاپ پىرقىراپ.
چىقىپ كەتسەم چاقىدىن،
ماڭالمايدۇ چىرقىراپ.

سۆزنى ئالدى ئەمدى نۇر.
كۈلۈپ ھەر يان چېچىلىپ.
تەكشى بېقىپ ھەممىگە،
كەتتى سۆزلەپ ئېچىلىپ:

مەشئەل، نۇر ھەم يورۇقلۇق،
دەيدۇ مېنى كىشىلەر.
تۆكۈلسەملا ھەرقاچان،
قاراڭغۇلۇق يېشىلەر.

تۆكۈلمەن تائەبەد،
قۇياش — مەنبە، بۇلاقتىن.
كۆرۈنمەن كۆزلەرگە،
شۇنچە قالتىس ئۇزاقتىن.

يەتمەس ماڭا ھېچنەرسە،
تېزلىك بىلەن سۇرئەتتە.
چېمپىيونمەن يىگانە،
ئۇچسام ئەگەر كۆكلەردە.

پارلاق قۇياش، يورۇق ئاي،
چىم-چىم يۇلتۇز، كۆك ئاسمان.
چىرايلىقتۇر مەن بىلەن،
رەڭدار چېچەك، باغ-بوستان.

نۇر بولغاچقا سۆيۈنەر،
جانلىق گىياھ ھاياتلىق.
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىشىپ،
خۇشال ئۇچار قاناتلىق.

ئۆسۈملۈكنىڭ تېنىدە،
خىلوروفىل ياسايمەن.

قىزىل، سېرىق، كۆك، يېشىل...
رەڭلەر بىلەن بېزەيمەن.

مەن بولمىسام ھاياتلىق،
تاتلىق بەزمە قۇرالماس.
ھەتتا ئۆمرى بەك قىسقا،
تۆت - بەش كۈنگە بارالماس.

كائىناتقا، ھاياتقا،
شىپا بولۇپ ياقىمەن.
ئوزۇق، قۇۋۋەت - كۈچ بولۇپ،
ۋۇجۇدىدا ئاقىمەن...

سۆزلەپ شۇنداق ھاۋا، نۇر،
دوستى سۇغا قاراشتى.
شۇ چاغ سۇنىڭ يۈزىگە،
خۇشال كۈلكە ياماشتى.

دېدى: رەڭسىز، پۇراقسىز،
ھەم شەكىلسىز، سۈزۈكمەن.
جانلىق، گىياھ تېنىگە،
ئەڭ قىممەتلىك ئوزۇقمەن.

ھاسىل بولار تەركىپىم،
ئىككى ئاتوم ھىدروگىن.
قوشۇلسىلا ئۇنىڭغا،
بىرلا ئاتوم ئوكسىگىن:

دېمەك: تەمسىز، رەڭسىزلىك،
فىزىكىلىق ماھىيىتىم.
بىرىكمىلىك ھالىتىم،
خىمىيىلىك ماھىيىتىم.

نۆلدىن تۆۋەن سوغۇقتا،
بولسام قاتتىق مۇز جىسىم.
يۈز گرادۇس ئىسسىقتا،
ئۇچمەن بوپ گاز جىسىم.

كۆلدە تۇرسام سۇ دەيدۇ،
كۆكتە ئۇچسام ھور دەيدۇ.
قېتىپ قالسام ئۆستەڭدە،
قاتتىق جىسىم مۇز دەيدۇ.

ئايلىنىمەن پارغا مەن،
قىلىپ كۆكتە ساياھەت.

قىزىل، قارا ھەم ئاپئاق...
كىيىم كىيىپ كارامەت.

ئۇچۇپ لەيلەپ سامادا،
يىراقلارغا كېتىمەن.
شەھەر ـ يېزا، تاغ، چۆلگە...
مارجان يامغۇر تۆكىمەن.

ئۆستەڭ، دەريا، دېڭىزدا،
ئۆركەش ياساپ ئۈزىمەن.
سۆيۈپ ئېتىز، باغلارنى،
سەيلە قىلىپ كېزىمەن.

ئېقىپ ئۇزاق ئويناقشىپ،
چۈشىمەن نوردىن شارقىراپ.
يۇلتۇز كەبى سىم چىراق،
يانار ئەلدە پارقىراپ.

ھاياتلىق دۇنياسىدا،
تۆھپەم كۆپتۇر ئالامەت.
يامغۇر، مۆلدۈر، قىرو، قار...
مەندىكى بىر كارامەت.

شۇنداق سۆزلەپ ئۈچ گۆھەر،
ئالدىمغىلا تىزىلدى.
ئۈچ گۆھەرنىڭ شەنىگە،
بۇ مەدھىيە يېزىلدى.

تىلەر ئىكەن ئۈچ گۆھەر،
پاكىزلىقنى ـ ساپلىقنى.
تىلەر ئىكەن ئىنسانغا،
بەخت، ئامەت، شادلىقنى.

1980 ـ يىل 8 ـ ئاي.

# مېنىڭ تال ـ تال كۆچەتلىرىم

(سىكىل)

### مۇقەددىمە

يولنىڭ ئىككى چېتىگە،
رەت ـ رەت كۆچەت قويدۇممەن.
يۇمران نوتا تاللارغا،
ۋۇجۇدۇمدىن كۆيدۇممەن.

كۆچەتلىرىم چىرايلىق،
ئۆستى كۆركەم، سانى كۆپ.
تەقى - تۇرقى ئوخشىماس،
ياڭزا - ياڭزا خىلى كۆپ.

## تېرەك

تال - تال تېرەك، تال تېرەك،
قۇرۇلۇشقا بەك كېرەك.
زىننىتىڭدىن سۆيۈنەر،
ئىشچان، باتۇر، چوغ يۈرەك.

تىكتىم سېنى قەلەمچە،
قەلبىم سۆيۈنۈپ شۇنچە.
بىللە يايراپ ئۆسىمىز،
كەلگۈسىگە بوپ ئۈنچە.

## سۆگەت

تال - تال سۆگەت، تال سۆگەت،
قامەتلىرىڭ زەپ ھەيۋەت.
سۇمبۇل نوتا تېلىڭدىن،
ياغار ئەلگە مۇھەببەت.

جىرىم قويسام تۇز، رەتلىك،
ئۆسەر نوتاك قامەتلىك.
سىنى پەرۋىش قىلسا كىم،
بولار شۇنچە ئامەتلىك.

## سىدە

تال-تال سىدە، تال سىدە،
ھۆسنۈك يۇرتقا بال سىدە.
ھۇزۇر ئىپ سىنىڭدىن ئەل،
ئۇرار شاد-خۇرام خەندە.

بۇغجال-بۇغجال شىخىڭنىك،
چۇشەر سالقىن سايىسى.
ياغاچ ھەم ياپرىقىڭنىك،
شۇنچە كۆپتۇر پايدىسى.

## چىنار

تال-تال چىنار، تال چىنار،
ئىسىل، كۆركەم ھال چىنار.
بوران، قۇمنى توساشقا،
يىشىل سىپىل دال چىنار.

چىنار ئورمان شەربىتى،
ھەمدە يۇرتىنىڭ سۆلىتى.
ياغار شۇڭا شەنىگگە،
ئەلنىڭ ياگراق ھۆرمىتى.

## قارىغاي

تال-تال قارىغاي، تال قارىغاي،
تاغۇ دالا تاللىماي.
كۆكلەۋېرىسەن قىش ھەم ياز،
يامغۇر، قارغا قارىماي.

قەيسەرلىككە سىمووۋول،
قارىغاي غالىب قەھرىمان.
ئېسىل خىسلەت-پەزىلەت،
سەندە تولۇق نامايان.

## يۇلغۇن

تال-تال يۇلغۇن، تال يۇلغۇن،
چىدام، غەيرەت تەل يۇلغۇن.
تۇرمۇشتىكى كۆپ ئىشلار،
سېنىڭ بىلەن ھەل يۇلغۇن.

زەپ چىرايلىق چىچەكلەپ،
ئېچىلىسەن پورەكلەپ.
ئۆزەڭ كەمتەر مۇلايىم،
ماختانمايسەن كۆرەڭلەپ.

## شەمشاد

تال ـ تال شەمشاد، تال شەمشاد،
ھۆسنۈڭ ئايجامال شەمشاد.
كۆكلەيسەن كۆكنى سۈيۈپ،
تۈپتۈز بىمالال شەمشاد.

ئېگىز بويۇڭ زەپ تۈپتۈز،
قارىغانغا يەتمەس كۆز.
قەددىڭ بىلەن ۋەتەنگە،
كەلتۈر شان ـ شەرەپ سۆز.

## ئارچا

تال ـ تال ئارچا، تال ئارچا،
تاغقا زىننەت، گۈل ئارچا.
ياشناپ تاغ، ئېدىر، چۆلدە،
بېرەر مول ھوسۇل ئارچا.

سوقسا بوران قانچىلىك،
ياشىرىسەن شۇنچىلىك.
ساڭا زەخمەت بېرەلمەس،
قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك.

## خاتىمە

ئۆستۈرمەكتە شوخ، تېمەن،
مېنى ئوتلۇق زامانەم.
مەنمۇ پەرۋىش قىلىمەن،
كۆچەتلەرنى ھامانەم.

كۆچەت بىلەن بەسلىشىپ،
بىللە ساغلام ئۆسىمىز.
كەلگۈسىدە ۋەتەنگە،
پارلاق تۆھپە قوشىمىز.

1981 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

# سالام، باھار قۇشلىرى

(سېكىل)

## مۇقەددىمە

سەھەر چىقسام سەيناغا،
دالا ـ تۈزلەر كۆلۈپتۇ.
قىزىل، سېرىق، ئاق، يېشىل...
رەڭدار گۈلگە تولۇپتۇ.

گۈللەر ئارا بىر توپ قۇش،
قايناق بەزمە تۈزۈپتۇ.
تۈرلۈك تىلدا سايرىشىپ،
خۇشال ناۋا قۇرۇپتۇ.

مېنى كۆرۈپ ئۇ قۇشلار،
زوقى بىلەن قاراشتى.
سالام، دوستۇم دېگەندەك،
شادىيانە سايراشتى.

سالاملاشتىم باغ ئارا،
قۇشلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ.
سايرار ئۇلار ھەۋەستە:
يۇرتقا چوڭقۇر سالام! دەپ.

## تۇرنا

دېدى تۇرنا: ئەسسالام،
بىزلەر باھار ئەلچىسى.
باھار چىللاپ كېلىمىز،
بولۇپ قۇشلار سەركىسى.

قاتار ـ قاتار تىزىلىپ،
كۆكلەر ئارا ئۇچىمىز.
ئۈزۈن پاچاق، غاز بويۇن...
چىرايلىقتۇر ھۆسنىمىز.

## كاككۇك

كاككۇك شېرىن شادلىنىپ،
سايراپ شاختا ئولتۇرار.
ھۆسنى ئوماق ھەم رەڭدار،
دىلى شاد، كۆزى خۇمار.

دېدى كاككۇك: كۆڭلۈم شاد،
سايرايدىغان ئۈز قۇشمەن.
كېچە - كۈندۈز بۇ ئەلگە،
غەلىبە - بەخت تىلەيمەن.

## قارلىغاچ

قارلىغاچۇ قارلىغاچ،
قاناتلىرى ئالىماچ.
ئاچا قۇيرۇق، ئاق مەيدە،
مەڭزى قىزىل، قاراقاش.

قارلىغاچ سۆزلەر شادلىنىپ:
كۈيلەپ ئەلنى قانمايمەن.
زىياندا شنى قويمايمەن،
ئەلگە شادلىق تىلەيمەن.

## قارا قۇشقاچ

قارا قۇشقاچ قاپقارا،
بويۇنلىرى پارقىراق.
ھەممە قۇشلار تىلىدا،
سۆزلەر گويا كى چاقماق:

كەسپىم مېنىڭ تەرجىمان،
دىلنى دىلغا چاتىمەن.
دوستلىرىمنىڭ تىلىدىن،
ناخشا قوشاق قاتىمەن.

## سوپىياڭ

جېقىر كۆزلۈك سوپىياڭ،
ئالا ـ سېرىق چىرايلىق.
ئاسما ئۈۋا ياسايدۇ،
ئېگىز شاخقا قولايلىق.

دېدى سۆزلەپ سوپىياڭ:
ئۈچالايمەن يىراققا.
شۇنچە ياڭراق ئاۋازىم،
ئاڭلىنىدۇ ئۇزاققا.

دىيارىمنىڭ ئىشقىدا،
تولغان قۇشمەن پىراققا.
شۇڭا ئەسلا چۈشمەيمەن،
دۇشمەن قۇرغان تۇزاققا.

## سۇندۇك

ئۇزۇن پاچاق سۇندۇكجان،
يەرگە قونسا دىكىلدار.
زىلۋا، ئىپسىل قۇيرۇقى،
جىم تۇرماستىن لىكىلدار.

ئاپئاق، قارا، كۆك، سېرىق...
كىيىملىرى ياراشقان.
شۇڭا دوستلار ئۇنىڭغا،
زوقى بىلەن قاراشقان.

سۇندۇك دەيدۇ: ۋۇجۇدۇم،
ۋەتەن ئۈچۈن يارالغان.
شۇڭا مەندىن ھېكايەت،
ئەلگە كەڭرى تارالغان.

## تومۇچۇق

تومۇچۇقۇم تومۇچۇق،
جۇغى كىچىك يېقىملىق.

ئاۋازلىرى بەك ئوچۇق،
قىسقا تۇمشۇق چىرايلىق.

ئۇچۇپ ئويناپ بوستاندا،
گۈلدىن ھوزۇر ئالىدۇ.
مەجنۇن نوتا ـ تاللارغا،
ئەپچىل ئۇۋا سالىدۇ.

## بۆدۈنە

سېمىزگىنە بۆدۈنەم،
ھۆسنى ئوماق، دوغىلاق.
ئىسسىق جايغا ـــ تومۇزغا،
شۇنچە خۇشتار ـ ئامراق.

ئالتۇن باشلىق بۇغدايزار،
ئۇنىڭ ئىسسىق ماكانى.
قانچە ئىسسىق بولسا ئۇ،
باشلار نەغمە ـ ناۋانى.

## كۆكتالغا

سايراپ هارماس كۆكتالغا،
كۆكۈش پەيلىك مۇلايىم.
ماۇق پەيدىن ئازغانغا،
ئۇۋا سالار ئۇ دائىم.

كۆكتالغىدۇر قىممەتلىك،
كېسەللەرنىڭ دورىسى.
شىپا تاپار ئۇنىڭدىن،
كۆك يۆتەلنىڭ نالىسى.

## هۆپۈپ

ئۇزۇن تۇمشۇق هۆپۈپنىڭ،
شۇنچە كۆركەم تاجىسى.
هاشارەتنى تۇتۇشتا،
تۇمشۇقىدۇر قايچىسى.

قاناتلىرى لىپىلداپ،
ئۇچار هەر يان شادلىنىپ.

زىبانداشنى قويمايدۇ،
يېڭى جەڭگە ئاتلىنىپ.

## تۇرۇلغا

ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇلغا،
ياشار بىزدە ئۇجمە يەپ.
سايراپ خۇشال تۇر-تۇر-تۇر:
قوزغال، ئىجاد قىلغىن، دەپ.

## خاتىمە

قۇشلار ئۇچچە خور قىلىپ،
ئېيتتى مۇنداق نەزمىنى:
شائىر بولساڭ ئال قەلەم،
داستان قىلىپ ياز بىزنى.

شۇڭغۇپ ئۇچۇپ ھارمايمىز،
گاھى ئېگىز، گاھى پەس.
تاتلىق ئۆمۈر سۈرىمىز،
ئىنسانغا بوپ ھەمنەپەس.

نەدە بولسا ھاشارەت،
ئوقتەك بېرىپ تۇتىمىز.
قانىماي ۋەتەن ھۆسنىگە،
سەيلە قىلىپ ئۇچىمىز.

مەنمۇ دېدىم: قۇشلىرىم،
سايراپ كۆكتە ئۇچۇڭلار.
بىز ئاسرايمىز سىلەرنى،
شانۇ شەرەپ قۇچۇڭلار.

1981 ـ يىل 5 ـ ئاي.

# كىچىك ماھىرلار

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

قايناپ كېتەر ئەترەتتە،
پىئونېرلار كۈنىمىز.
داڭلىقلارنى دوراشتا،
ئاشار كۆكتىن ئۈنىمىز.

ئۇستازىمىز يېتەكچى،
ئىجادكارنى دوراشقا.
بىزمۇ تەشنا ھەر دائىم،
بىلىمگەننى سوراشقا.

كەلمەكتىمىز ئىجادقا،
ئوتتەك يېنىپ ئىنتىلىپ.
جاپا چېكىپ ئۆگەنگەن،
ئىجادكاردىن ئىز بېسىپ.

ھاياتىمىز مەكتەپتە،
قايناق - جۇشقۇن ئۆتمەكتە.
جەسۇر كىچىك ماھىرلار،
ئىجاد بىلەن ئۆسمەكتە.

## كىچىك رەسسام

كىچىك رەسسام رىشاتجان،
رەسىم كىرۇژۇك ئەزاسى.
يەيدۇ كۆزنىڭ يېغىنى،
رەسىملەرنىڭ جۇلاسى.

غازىكامنى① غايىبتىن،
ئۇستاز تۇتۇپ رىشاتجان.
ھۆرمەت بىلەن دورايدۇ،
رەسىم سىزىپ ھەرقاچان.

سىزار قارلىق تاغلارنى،
چىمەنزارلىق باغلارنى.
كۆكتە قۇشلار پەرۋازى،
سىزار خۇشال چاغلارنى.

رىشاتجاننىڭ ئىجادى،
كۆرگەزمىگە قويۇلدى.
رەسىملىكى ئۆسمۆرلەر،
جىنى باردەك تۇيۇلدى.

## كىچىك مۇخبىر

مۇختارجاننىڭ قولىدىن،
چۈشمەس يانچۇق دەپتىرى.
گۈزەللىككە ئۇچىدۇ،
ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى.

---

① غازى ئەمەتنى دېمەكچى.

دەپتەرىگە يازىدۇ،
ئەلاچىنى ـ ياخشىنى.
قازار ئىلىم بېغىدىن،
شېرىن ـ شېكەر ياخشىنى.

سۈرەت، خەۋەر، شېئىرىنى،
گېزىتلاردا كۆرىمىز.
ئۇنىڭ ئىجاد گۈلىدىن،
ھۇزۇر ئېلىپ كۈلىمىز.

## كىچىك شائىر

ھېسيات بىلەن شاكىرجان،
ئوقار قىزغىن ئالماناق.
تېپىپچانىنى دورايدۇ،
باغلاپ ئاڭا ئىشتىياق.

تۆكۈپ دىلدىن دۇر ـ ئۈنچە،
شاكىرجان كۈي كۈيلەيدۇ.
مەرىپەتنى، زامانىنى،
مەدھىيىلەيدۇ ھارمايدۇ.

شاكىرجاننىڭ نەزمىسى،
گۈزەل، شېرىن ۋە تاتلىق.
ئاڭلىغانچە قانمايسەن،
دىلدا قوزغايدۇ شادلىق.

چوڭ بولغاندا شاكىرجان،
ئۇستا شائىر بولماقچى.
ۋەتەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن،
جەۋھەر سۆزلەر قازماقچى.

## كىچىك مۇزىكانت

رادىئودىن مۇساجان،
مۇزىكىلار ئاڭلايدۇ.
جامىكامغا① تەمبۇرنى،
تەڭكەش قىلىپ سازلايدۇ.

ئويناپ كېتەر بارمىقى،
راۋاب، تەمبۇر، دۇتاردا...
مۇساجاننىڭ سازلىرى،
قوزغار ھەۋەس دىللاردا.

① ھۇسەنجان جامىنى دېمەكچى.

مۇزىكىنىڭ ماھىرى،
بولۇش يۈكسەك ۋىدىسى.
شۇڭا كامال تاپماقتا،
ئۇنىڭ يېڭى پەدىسى.

## كىچىك ناخشىچى

گالستۇكى بويىندا،
گۈلنار ئايدەك رۇخسارى.
چېچى قۇندۇز قىرىق تال،
قەلبى ناخشا خۇمارى.

ناخشىسىغا تۇتتى ئۇ،
پاشا ئىشاننى ئۇستاز.
بۇلبۇل كەبى ئۆسمەكتە،
شۇڭا گۈلنار خۇش ئاۋاز.

چېچەكلىتىپ بەختىنى،
ياشناتقاچ يېڭى دەۋران.
ناخشا ئېيتىپ جاراڭلىق،
گۈلنار شوخ ئۇرار خەندان.

## كىچىك ئۇسسۇلچى

دىلبەر قىز زوق-ھەۋەستە،
تېلېۋىزورغا قارايدۇ.
ئۇندا ئۇسسۇل جۇلاسى،
ۋۇجۇدىغا تارايدۇ.

كۆرۈۋېتىپ تېلېۋىزور،
دىلبەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ.
نازۇك، سىلىق ھەركەتتە،
قەمبەرخانىنى دورايدۇ.

ئۇسسۇل ئەجەب يارىشار،
دىلبەر ساغلام بەدەنگە.
ئۇسسۇل بىلەن شان-شەرەپ،
كەلتۈرمەكچى ۋەتەنگە.

## كىچىك خەتتات

خالىدەمنىڭ دەپتىرى،
شۇنچە پاكىز بەتلىرى.

يارقىن كۆركەم يېزىلغان،
ياڭزا ـ ياڭزا خەتلىرى.

خەتمۇ گۈزەل بولامدۇ،
خەتنى ئادەم يازامدۇ،
ۋۇجۇدىنى قەلبىنى،
نەقىش قىلىپ تىزامدۇ.

خالىدەمنىڭ ئۇستازى،
تۇردى قادىر نازىرى.
شۇڭا ئۇنىڭ خېتىگە،
ياغار ئەلنىڭ نەزىرى.

يازالايدۇ خالىدەم،
گۈزەل ھۆسن خەتلەرنى.
يېڭىلىقنىڭ يولىدا،
ئېچىپ يېڭى بەتلەرنى.

## كىچىك دوكتور

مىكروفوندا رىسالەت،
سۆزلەپ كەتسە كارامەت.

تاجىگۇلگە ئاۋازى،
ئوخشاپ كېتەر ئالامەت.

ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىشىنى،
رادىئودا سۆزلەيدۇ.
ياخشى كىشى، ئىشلارنى،
مەدھىيىلەيدۇ ـ ماختايدۇ.

رىسالەتنىڭ ئارزۇسى،
ئۇستا دىكتور بولماقچى.
تاۋلاپ ياڭراق ئاۋازنى،
كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولماقچى.

## خاتىمە

قايناق مەكتەپ ـ بىغىمىز،
چۇغلۇق ماھىر تەل بىزدە.
يېڭىلىقنىڭ كانى بىز،
ھەممە كەسىپ ھەل بىزدە.

بويىنىمىزدا گالستۇك،
جەۋلان قىلىپ يەلپۈنەر.

يۈرىكىمىز، رىشتىمىز،
مەرىپەتكە تەلپۈنەر.

1981 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

# شېكەرىستانىدىكى ناخشا

(سىكىل)

## مۇقەددىمە

باغدىن مېۋە ئۈزەي دەپ،
كىرسەم پەيزى سۈرەي دەپ.
بەس ـ بەس بىلەن مېۋىلەر،
قىلدى ماڭا مۇنداق گەپ:

ـــ تەملىك، رەڭلىك، شىپالىق،
مېۋىلەر بىز خىلمۇخىل.
شاخقا يۈلتۈز قونغاندەك،
بىز ياشايمىز قوش پەسىل...

ئۆلاردىن ئېلىپ لەززەت،
قەلبىمدە تېشىپ ھۆرمەت.

باغدا بىر چاغ ئۆتكۈزدۈم،
مېۋىلەر بىلەن سۆھبەت.

## ئۈجمە

نامىم بار ئۇلۇغ ئۈجمە،
شەربەتكە تولۇق ئۈجمە.
ئاق ئۈجمە، قارا ئۈجمە،
شاتۇتۇ قىيام ئۈجمە...

مەندىكى ھەر بىر ياپراق،
بولار يىپەك ياسىداق.
تەنلىرىم گۆھەر ئالتۇن،
ئەلدە ئەتىۋار ھەر ۋاق.

## جىنەستە

دەيدۇ مېنى جىنەستە،
تۆگەپ كېتەر يېمەستە.
يېيىش ئۈچۈن ئالدىراپ،
كېلىڭ دوستلار بەس-بەستە.

تۇرار باغدا زەپ ئېسىل،
زىلۋا بويۇم ياپيېشىل.
پېشسام مۇنچاق ئاق-قىزىل...
شىرنەم شېرىن يارار تىل.

## گىلاس

ئىنسانلار قىلىپ ئىخلاس،
دېيىشەر مېنى گىلاس.
مەندىن ئېلىش مول ھوسۇل،
زېرەك، ئىشچان، مەرتكە خاس.

شۇنچە قىزىل ھۆسنۇم بار،
ئاچچىق چۈچۈك تەمىم بار.
توك چېغىمدا چىش ئۆتمەس،
ئەجەب قىرتاق زەھرىم بار.

## شاپتۇل

شاپتۇل مەن ياخشى غىزا،
ئائىلەمدە كۆپ ئەزا.
توغاچ ھەمدە ئەششاپتۇل...
تەنگە قۇۋۋەتتۇر تازا.

تەبىئىتىم ھۆل سوغۇق،
شەربەتلىرىم زەپ تولۇق.
چاڭقىغاندا يېسىڭىز،
قانار خويما ئۇسسۇلۇق.

## ئۈرۈك

مۇھەببەت ئەلچىسىمەن،
تەبىئەت ئەركىسىمەن.
مېۋەم خىلمۇخىل تاتلىق،
ئىشتىھا مەزىسىمەن.

مەغزىم ھىل-ھىل، ئاشىم بار،
ئاش ئىچىدە تاشىم بار.
تاشنى چاقساڭ غۇچچىدە،
تەنگە قۇۋۋەت ياغىم بار.

ئۇلاپ قويسا خىلمۇخىل،
مېۋىلەيمەن يىلمۇ يىل.
قانچە پەرۋىش قىلسا ئەل،
ياشىرارمەن ئۇزاق يىل.

## ئالما

خىلىم كۆپ، ئېتىم ئالما،
يېمەي ئارماندا قالما.
نازۇكمەن سىلاپ ئۈزگىن،
ئاتمىغىن ماڭا چالما.

گۈلباغىنىڭ بەرىكىتى مەن،
داستىخان سۆلىتى مەن.
پۈتۈن جىسمىم شىپالىق،
يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتىمەن.

مەندە كۆپ ئاقسىل، شېكەر،
خۇش پۇراقىمكى ئەنبەر.
مېنى كۆپ يېسە كىمكى،
مەڭزىدە گۈلەر رەڭلەر.

## كۆكسۇلتان

ھۆسنۈم كۆك، نامىم سۇلتان،
جىمى لەززەتكە مەن داستان.

تەر تۆككەن مېنى چىشلەر،
تەشنادۇر ماڭا ئىنسان.

پىشىپ يەتسەم ۋايىمغا،
قانار ئەل قىيامىمغا.
زېرەك باغۋەن يەتكۈزەر،
مېنى شەرەپ-شانىمغا.

## ئالۇچا

سېرىق، قوڭۇر رەڭگىم بار،
خۇش چۈچۈمەل تەمىم بار.
پىشمىغىچە چۈشمەيمەن،
ئەلگە شۇنداق ئەھدىم بار.

غەش دىلنى ئاچالايمەن،
خۇش پۇراق چاچالايمەن.
ئۇزۇق بوپ بىمارلارغا،
بىتاپنى داۋالايمەن.

## ئالگرات

مېنى ئالىگرات دەڭلا،
ئوبدان پۇشۇرۇپ يەڭلار.

ناۋادا خام يېسە كىمكى،
ئەلەم قىلىمەن تەڭلا.

پىشمىسام بەك قاتتىق مەن،
ھەمدە قاڭسىق ئاچچىق مەن.
مۇرادىمغا يەتكەندە،
چىرايلىق مەن، تاتلىق مەن.

## ئۈزۈم

سايۋا، كىشمىش، بىجاقى،
مەرۋايىتتەك مۇناقى...
سۆيۈندۈرگەن جاھاننى،
بەخش ئەتتى ماڭا داڭقى.

مونچاق، سۇزۈك ۋە تەملىك،
ئۇلۇغ بىھىش ئەھلى مەن.
پىشايۋانلىق سەھنانىڭ،
يارىشقى، گۈلى مەن.

ساڭگىل-سۇڭگۈل چىكىلەپ،
باغۋەنلەرگە ئەركىلەپ.

خۇزۇر سۇرۇپ يەك دەيمەن،
ئەجىر قىلىپ كۆپ ئىشلەپ.

ئۇزۇم بېغى ئاۋاتتۇر،
مونچاقلىرى ناۋاتتۇر.
ئۇزۇم پەرۋىش قىلغانلار،
مەڭگۇ ئۆلمەس، ھاياتتۇر.

## ئانار

مېۋىلەر سەركىسى مەن،
ئەل - يۇرتنىڭ شەۋكىتى مەن.
ئەمگەكسۆيەر ئىشچاننىڭ،
ھوسۇللۇق بەركىتى مەن.

ئىشچان قىزنى سۆيەتلەر،
ئانار كەبى مەڭزى دەپ.
بۇ تەسۋىرلەر جايىدا،
ئەمەس قىلچە يالغان گەپ.

بىر چىرايلىق يېپىم بار،
قىزىل خۇرۇم قېپىم بار.

تىزىق - تىزىق جەۋھىرىم،
شىرىن - شەربەت شىرنەم بار.

تەنگە قالتىس ياقىمەن،
كۆڭۈللەرنى ئاچىمەن.
قانچە يىسە شىپالىق،
مادار - قۇۋۋەت قاتىمەن.

## ئەنجۈر

ئەنجۈرمەن زەپ ئەتىۋار،
سۈزۈككلۈكتە كەھرىۋا.
ئەنجۈرلۈك باغ گوياكى،
بىر جەننەتۇل مەئىۋا.

تامار مەندىن بال - ھەسەل،
كۆپ خىل ماددا مەندە ھەل.
ياغدەك شاخ مانتىسى مەن،
تەرىپىم پۈتمەس غەزەل.

ئەنجۈرنىڭ مۇرابباسى،
كېسەللەرگە داۋادۇر.

غەم ـ غۇسسىنى تۆگىتەر،
ئىنجانلارغا راۋادۇر.

## نەشپۈت

شاھ مېۋىسى مەن نەشپۈت،
باغ شۆھرىتى مەن نەشپۈت.
بال ـ شەربەت تېمىپ تۇرغان،
تائام كۆركىمەن نەشپۈت.

ئاقسىل، شېكەر ھەم فىتۇر...
تەركىبىمدە بەك كۆپتۇر.
كەم ماددىنى تولۇقلار،
يەنە مەندە بار تۆمۈر...

شىپالىقمەن قىممەتلىك،
بىتابلارغا ھىممەتلىك.
بېغىشلايمەن چىرايغا،
سالامەتلىك زىننەتلىك.

## ياڭاق

بەستىم تېمەن ھەيۋەتلىك،
كۆركەم ھەم سالاپەتلىك.

بەھىرلەر ئېلىپ مەندىن،
ياشايدۇ سالامەتلىك.

ياغاچلىرىم قىممەتلىك،
مېغىزلىرىم قۇۋۋەتلىك.
كىملەركى مېنى تىكسە،
بولۇر شۇنچە ئامەتلىك.

تەبىئىتىم مۆتىدىل،
تۇرالايمەن ئۇزاق يىل.
قىشئەلەر بازاردا،
ئەتىۋارمەن ئەجەب، بىل.

## قارا ئۇرۇك، ئەينۇلا

جامالىمىز بىر خىللا،
لېكىن خىسلەت بەك تولا.
شۇڭا داڭلار بىزنى ئەل،
قارا ئۇرۇك، ئەينۇلا.

دەپ قالسىز كۆز مونچاق،
شاخمۇشاخقا تىزىلساق.

بوپ كېتىمىز سانجاق-سانجاق،
(ئەمگەكچانىنىڭ يۈزى ئاق.)

## بېھى

باغدا پىشسام سارغىيىپ،
كېتەر ھىدىم تارىلىپ.
ئالدىراڭلار يېيىشكە،
قالماي ئەسلا ئايرىلىپ.

ھۇزۇر بېرىپ مېھمانغا،
يارىشىمەن پولۇغا.
يەر تاللىماي كۆكلەيمەن،
تىكىپ قويسا قورۇغا.

## بادام

شەمۇشەگە داڭ كەتكەن،
بادام دېگەن نامىم بار.
مېغىزىمغا چىن شەيدا،
باغدا ئىشچان يارىم بار.

بوشتىمەن بەلغەمنى،
داۋالايمەن يۆتەلنى.
بۇزۇق قاننى تازىلاپ،
ئاشۇرىمەن غەيرەتنى.

## چىلان، جىگدە

ئېتىمىز چىلان، جىگدە،
ئوخشاش زاتىمىز شۇنچە.
يۇلتۇز كەبى چاقنايمىز،
كەڭ دالا، ئېتىز، چۆلدە.

تەنلەر تۆمۈر مەسەللىك،
ياپراقلار كۈمۈش رەڭلىك.
چېچەك ساپسېرىق، خۇش بۇي،
مېۋىمىز ئالتۇن رەڭلىك.

قۇۋۋەت كەم كىسەللەرنىڭ،
دوستى بىز، شىپاسى بىز.
پەرۋىش قىلسا كۆكلەيمىز،
سۆيۈنۈپ جان-تېنىمىز.

## خاتىمە

شېرىن لەززەت باغدىكەن،
باغنى شېكەر چاغلىدىم.
باغدىن ئاۋا ئاڭلىدىم،
خىسلىتىنى داڭلىدىم:

باغنى باقساڭ باغ ئېكەن،
پاتمان-پاتمان ياغ ئېكەن.
بېقىمسىز باغ تاغ ئېكەن،
يۈرەك-باغرىڭ داغ ئېكەن.

ناخشىلارنىڭ ياخشىسى،
شېكەرىستان ناخشىسى.
باغلار بىنا قىلسا كىم،
نۇرغۇن ئېكەن ئاقچىسى.

1981-يىل 9-ئاي.

## نەشپۈت يېگەندە

بەش يىل بۇرۇن باھاردا،
نەشپۈت تىكسەم بېغىمغا.
ئۇنىڭ شېرىن مېۋىسى،
تەگدى بۇ يىل ئېغىزغا.

ھۆزۈرلىنىپ دوستلىرىم،
نەشپۈتلەرنى يېيىشتى.
— كۆچەت تىكسەڭ پايدىسى،
ئەجەب كۆپكەن، — دېيىشتى.

1981 - يىل 9 - ئاي.

## پەندىيات

— بىر ئۆسمۈر تىلىدىن.

سۆزلەپ بېرەي ھېكايەت،
سوغۇق سۇدىن شىكايەت.
دوختۇرلارنىڭ سۆزىگە،
قىلىڭ دىققەت ناھايەت.

پۇتبول ئويناپ مەيداندا،
چىپ ـ چىپ تەرلەپ ھارغاندا.
ھۇزۇرلاندىم ئۆستەڭدىن،
سوغ سۇ ئىچىپ قانغاندا.

يۇرەكلىرىم يايرىدى،
بەدەنلىرىم سەگىدى.
دەماللىققا بىر راھەت،
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىدى.

بىراق يېرىم كېچىدە،
ئىسسىق يوتقان ئىچىدە.
تېپىرلىدىم ئۇخلالماي،
بىئاراملىق ئىچىدە.

ئاۋازلىرىم غىژىلدار،
كارناي، بۇرنۇم مىشىلدار.
كۆزلىرىمۇ تولىشىپ،
قۇلاقلىرىم غۇڭۇلدار.

بېشىم ئوخشار قاپاققا،
بوينۇم ئوخشار ساپاققا.

كۆزلىرىمدىن ياش ئېقىپ،
قاپلىنىپتۇ چاپاقلا.

بەدەنلىرىدىم ئوت كاۋاپ،
تىترەر ئىددىم جاقىلداپ.
هېچ نەرسىنى سەزمەيمەن،
هال ـ ئەھۋالىم بەك خاراپ.

يىغلاپ كەتتىم چىرقىراپ،
كەتتى ئانام پىرقىراپ.
دوختۇر تامان يول ئالدۇق،
هايات ئۈچۈن ئالدىراپ.

دوختۇر تاغام تەكشۈردى،
بالىنىسقىمۇ ياتقۇزدى.
دورا ـ دەرمەك ئىچكۈزۈپ،
ئاسما ئوكۇل ماڭغۇزدى.

دوختۇر دېدى: ئىنىم سىز،
سوغۇق سۇنى ئىچىپسىز.
شۇنىڭ بىلەن زۇكامغا،
دەرهال دۇچار بولۇپسىز.

ئۆستەڭ سۈيى ساپ ئەمەس،
مىكروبلاردىن پاك ئەمەس.
قايناق سۇدا مىكروبنى،
خالاس قىلماق تەس ئەمەس.

ياۋۇز ئاپەت ئاچ مىكروپ،
سوغۇق سۇدا شۇنچە كۆپ.
ئۇنى روشەن كۆرسىتەر،
سىزگە ئالىي مىكروسكوپ.

مىكروپ قويماس تەننى ساق،
كېسەللىككە ئۇ ئامراق.
قوزغار كېزىك، يۆتەل ھەم
تومۇ ـ زۇكام، يەل، قوقاق...

داۋالاندىم بىر ھەپتە،
بارالمىدىم مەكتەپكە.
راست ئىشەندىم: سوغ سۇنى
ئىچمەڭ، دېگەن بۇ گەپكە.

1981 ـ يىل 12 ـ ئاي.

# جان دوست ئاداش بولايلى

كېلىپ دوستلار توپلۇشۇپ،
قولنى قولغا تۇتۇشۇپ،
ئۆيۈلناشتەك ئۇيۇشۇپ،
جان دوست ئاداش بولايلى.

ئىتتىپاقلىق گۆھەر تاش،
بىزگە شۇنداق خىسلەت خاس،
شۇڭا مەڭگۈ ئايرىلماس،
چىن ساۋاقداش بولايلى.

ئىرادىسى، دىلى بىر،
تائەبەدكە سۆزى بىر،
ئۇلى بىر ھەم يولى بىر،
ھەمدەم سىرداش بولايلى.

چوڭنى كۆرسەك ھۆرمەتلەپ،
كىچىكنى ئىززەتلەپ،
ياخشىلارنى قەدىرلەپ،
ئامراق سەپداش بولايلى.

ئۆرلەشتە بولۇپ ھەمدەم،
ئۆزئارا بېرىپ ياردەم،
بىرلىكتە بېسىپ قەدەم،
يېقىن قولداش بولايلى.

بىللە ئوقۇپ شادلىنىپ،
جەسۇر ساغلام تاۋلىنىپ،
كەشپىياتقا ئاتلىنىپ،
چىڭ قەلبداش بولايلى.

جەسۇرانە سەپ تۈزۈپ،
كۆكتە جەۋلان قىپ ئۈزۈپ،
سەپەرلەردە شان قۇچۇپ،
چوڭ سەپەرداش بولايلى.

بولۇپ ئالىي تىلەكلىك،
ئىجادكار چوغ يۈرەكلىك،
كەلگۈسگە كېرەكلىك،
شان - زەپەرداش بولايلى.

1982 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

# ئايرىلمايمەن مەكتەپتىن

دېدى دادام: ئوقۇما،
باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ،
ئائىلىنىڭ ئىشىنى،
قوياي ساڭا تۇتتۇرۇپ.

موزاي، ئۆردەك، قوي بېقىش،
ۋەزىپەمكەن ھازىردىن.
ھوسۇل ئالسام بولغۇدەك،
بۇغداي، قوناق، گازىردىن...

دېدىم شۇندا: جان دادا،
ئوقۇشۇمدىن ئايرىما.
سەھەر بېرىپ مەكتەپكە،
ئالاي بىلىم دائىما.

ساپان بىلەن يەر تېرىش،
بوۋاملاردىن قالغانمۇ؟
مىراس بولۇپ ئۇ يەنە،
ئوغلۇڭغىمۇ قالامدۇ؟!

ئۆگىنەي مەن مەكتەپتە،
تېخنىكىنىڭ سىرىنى.
بىلىپ كېلەي كومبايىن،
تراكتورنىڭ... تىلىنى.

يامغۇر نېمە؟ قار نېمە؟
بوران نېمە، پار نېمە؟
بىلىپ كېلەي مەن ئۇنى،
مەكتەپكە بار دېگىنە!

دېدى دادام شادلىنىپ:
— سۆزلىرىڭگە چۈشەندىم.
بارغىن بالام مەكتەپكە،
ئىرادەڭگە ئىشەندىم.

ئاڭلاپ دادام سۆزىنى،
شۇ تاپ چەكسىز شادلاندىم.
مەرىپەتنىڭ يولىدا،
يېڭى جەڭگە ئاتلاندىم.

1982 ـ يىل 9 ـ ئاي.

## توختاش بەكرى

# قانداق يۇلتۇز ئۇ؟
(باللادا)

ياز كېچىلىرى،
ئەجەبمۇ راھەت.
كەچتە مۆگدىشىش،
بىزلەرگە ئادەت.

مانا شىرەدە،
ئولتۇرماقتىمىز.
قەلبىكە ھۇزۇر،
تولدۇرماقتىمىز.

سالقىن ھاۋادا،
كۆكۈل يايرايدۇ.
بېشىمىزدىلا
بۇلبۇل سايرايدۇ.

قىز ـ ئوغۇللىرىم،
ئېچىلغان گۈلدەك
ئولتۇرۇپ، مەنىدىن
سوراشتى چۆچەك.

بىرچاغدا مەنمۇ
دادامدىن شۇنداق
سورايتتىم چۆچەك،
تىڭشايتتىم ئۇزاق...

يىل ئۆتۈپ چۆچەك
ئېيتىش نۆۋىتى
كېپقاپتۇ ماڭا
ھەمدە پۇرسىتى.

دېمەك باللار
بول، ئېيت! دېيىشىپ،
قىستىدى مېنى،
چاۋاك چېلىشىپ.

«يېرىل تاشىم»نى،
«ئۇر توقماقىم»نى،

ئېيتتىم بىرسىپ چىن
ئىشقى - زوقۇمنى.

چۆچەك ئېيتىلىپ
بولغاندا يېرىم.
دادا! دەپ قالدى،
ئېپتىخار قىزىم.

ئاپئاق قولىنى
كۆككە ئۇزاتتى.
كۆكتە بىر ۋېيشىڭ
ئۇچۇپ باراتتى...

سورىدى قىزىم:
قانداق يۇلتۇز ئۇ؟
يۇلتۇزلار ئارا
ئۇچۇپ كەتتىغۇ!؟

بىر يەردە بىردەم
تۇرمىدى كاشكى.
ئاقار يۇلتۇزدەك
ئۆچمىدى ياكى.

قانداق ھېكمەتلىك
يۇلتۇز ئۇ، دادا؟
دېدى يالۋۇرۇپ:
— سۆزلەپ بېرىڭا!

بۆلدى چۆچەكنى،
بۇ يېڭى سوئال.
ئورۇنلۇق سۆزتى،
بولدۇم مەن خۇشال.

دېمەك توختاتتۇق
قىزىق چۆچەكنى.
ۋېيىشىڭغا دەرھال
يۆتكەپ سۆھبەتنى:

— بۇرۇن-بۇرۇندا،
ھەربىر ئورۇندا،
ئىگىرىغاندا ئەل
دەردتە زۇلۇمدا؛

دەردى، غەزىپى
ئىچىگە سىغماي،

خىيالىي چۆچەك
توقاتتى تىنماي.

چۆچەكتە كىرىپ
كېتەر چىلىشقا.
زۇلمەتچىلەرنى
گۆرگە تىقىشقا.

كويىقاپلارنى
ۋەيران قىلىشتا،
ئۇ يەرگە ئۇچۇپ
چاپسان بېرىشتا؛

ئارزۇ قىلاتتى
ئۇچار گىلەمنى.
كېزىپ چىقاتتى
پۈتۈن ئالەمنى!...

ئەجدادلار شۇنداق
ئۆتكەن ئارماندا،
مۇراد تاپالماي
قالاق زاماندا.

دەريا سۇيىدەك
ئۆتۈشتى يىللار.
ئىنسانلار باستى
خىلمۇخىل ئىزلار.

كەشپىيات ئىلمى
كامالەت تاپتى.
ئىلىم-پەن تالاي
سىرلارنى ئاچتى.

ئەجداد ئارزۇسى
ئاشتى ئەمەلگە.
مۇھتاج بولمىدى
ئۇچار گىلەمگە.

ھېكمەت دۇنياسى
بېشىنى ئەگدى.
تەپەككۇر تەملىك
مېۋىلەر بەردى.

ئىنسانىيەتنىڭ
ئۇزاردى قولى.

پىلانىتلارغا
سىلىندى يولى.

ۋىيشىڭلار قاتار
ئۇچار شوڭلاشقا.
پىلانىتلارغا
يەرنى ئۇلاشقا.

ئاي ۋە مارسنىڭ
سىرى يېشىلدى.
كۆپلەپ پىلانىت
يەنە تېپىلدى.

بىزدىمۇ تالاي
ۋىيشىڭلار ئۇچتى.
ئىلىم - پەننىمىز
زەپەرلەر قۇچتى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدا،
ياشلىقىمىزنىڭ
باھارلىرىدا؛

ۋېيشىڭلارنىمۇ
ھايدايسىز بەلكىم،
ئۇقۇپ چېنىقىپ
ئالسىڭىز تەلىم.

سۆزۈم مەشەگە
كەلگەندە ئېنىق.
ئالدى باللار
خۇشاللىق تىنىق...

قىزىم روھلىنىپ
سەكرىدى يېنىك.
بولىمەنكەن دەپ
ئۇچقۇچى، تېخنىك.

ئانىسى دېدى:
— ياخشى ئۇقۇڭلار!
ئالتۇن ۋاقىتنى،
مەھكەم تۇتۇڭلار.

سىلەرگە تەلەپ،
يۇكسەك شۇ قەدەر.

تىرىشمىغىچە
كەلمەيدۇ زەپەر.

ئىمكانىيەتمۇ
يېتىپ ئاشقىچە.
تاشلاڭلار قەدەم
ئەمدى باشقىچە.

1979 ـ يىل 6 ـ ئاي.

## تۆلكە بىلەن ئېشەك

(مەسەل)

تۆلكە قۇيرۇق ئويىنىتىپ،
ئېدىر ئارىلاپ يۈرگەندە.
كەپتۇ ئاڭا بىر پېشكەل،
بىر ياداڭدىن ئۆتكەندە.

مەنسىتمەستىن ياداڭنى،
سەكرەپتىكەن لەپپىدە.
ئىلىنىشالماي قىرغاقتا،
چۈشۈپتىمىش لەسسىدە...

قانچە قىلىپ تىرىشىپ
چىقالماپتۇ ياداڭدىن.
كىپ قالسا دەپ تىلەپتۇ،
"بىرەر ئەخمەق-گالۋاڭدىن."

شۇ چاغ ھاڭراپ بۇ يەردىن
ئۆتۈپ قاپتۇ بىر ئېشەك.
زەڭ سېلىپتۇ ياداڭغا،
سۇ بارمۇ؟ دەپ، ئېچكۈدەك.

بىراق كۆزى چۈشۈپتۇ،
ھۇزۇرلانغان تۈلكىگە.
(تۈلكىۋايمۇ ۋايىمنى
ئالماشتۇرغان كۈلكىگە...)

ئەي تۈلكىۋاي بۇ يەرگە
چۈشۈۋالدىڭ نېمىشكە؟
سوراپ قاپتۇ ئېشەكجان،
ئىش تەھتىنى بىلىشكە.

ۋاي دوستىمەي كۆرمەمسەن؟!
يامان ئىكەن تەشنالىق.

ئۇسسۇزلۇقتىن، ئىسسىقتىن،
كۈنۈم قالغان ساناقلىق.

ئىزدەپ تاپتىم بۇ يەرنى
جېنىمغا جان قوشۇلدى.
ساپ ھاۋالىق، سالقىنكەن،
جەننەت ئوخشاش تۇيۇلدى.

يۈرۈپتىمەن نە چاغدىن
جەۋىر تارتىپ دالادا.
يەتسە كېرەك بۈگۈنلا،
ئاھىم ئادىل خۇداغا.

. . . . . . . . . . . .

بۇ سۆزلەرگە ئېشەكجان،
قايىل بوپتۇ كۆڭلىدە.
بۇنداق ياغلىق سۆزلەرنى،
ئاڭلىمىغاچ ئۆمرىدە.

دەپتۇ ئېشەك تۈلكىگە:
راھەتلىنەي سەن بىلەن.
دەپتۇ تۈلكە: مەرھەمەت!
قېنى چۈشكىن پەم بىلەن.

............

ئېشەك چۈشۈش بىلەن تەڭ،
تۈلكە قارغىپ مىنىپتۇ.
دەسسەپ ئېشەك ساغرىغا،
سىرتقا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

ئېتىپتۇيۇ، چىقىپتۇ،
غەم تارتماستىن كېتىپتۇ.
شۇم تۈلكىنىڭ قەستىنى،
ئېشەك شۇنداق بىلىپتۇ.

"يالغانچىغا ئىشەنسەڭ،
بالا بولۇر بېشىڭغا،"
دېگەن تەمسىل شۇڭلاشقا
يېيىلغانمىش زېمىنغا.

1980 ـ يىل 8 ـ ئاي.

# قەدىردانلار سۆھبىتى

(شېئىرىي چۆچەك)

## مۇقەددىمە

دەپتەر بىلەن قېرىنداش،
باشلىۋىدى دەتالاش.
كىتاب، جىلتا سۆھبەتكە،
ئارىلاشتى بىر تۇتاش.

چۈنكى بۇلار ئەزەلدىن،
قەدىردانۇ، ئايرىلماس.
ھە بۇلارنى قاخشاتقان،
ياخشى ئادەم سانالماس.

1

دەپتەر: ھەي قېرىنداش، ھەي قېرىنداش!
بىلمسەڭغۇ مەن ياۋاش.

سەۋىر قىلدىم كۆپتىن مەن،
تۆزەلمىدىڭ سەن بەگباش.

يولۇم تۇرسا بىر، رەتلىك،
قىڭغىر ـ سىڭغىر جىجايسەن.
هە دېسلا ئۆچۆرۈپ،
كىر قىلىسەن، قىينايسەن.

قېرىنداش: جىجاش تۇرسا ۋەزىپەم،
قانداق قىلاي رەنجىسەڭ.
بىپەرۋا ھەم شوخ ئىگەم،
مەندىمۇ كۆپ دەرد دېسەڭ.

پىچىقى بار بەك قاشاڭ.
ئۇچلاپ ئارام بەرمەيدۇ.
ھۆلدەپ يازار تىلىدا،
قولى تۆزۈك كەلمەيدۇ.

دەپتەر: كىم بىلىدۇ بەزىدە،
ئالماس بولۇپ تىلىسەن.
دىققاتسىزلىشىپ بەزىدە،
بۇدۇر ـ چوقۇر قىلىسەن.

يېڭى - يېڭى بەتلىرىم،
بۇلار چەككۈچ سالغاندەك.
مەن بەك خىجىل كۆرسە ئەل،
سەن يۈرسەن پالۋاندەك.

قېرىنداش: پالۋانلىقىم چاغلىقلا،
سۇنۇپ كەتتىم نەچچە رەت.
نودەر قىلار زورلۇقىنى،
مەنمۇ سەندىن خىجالەت.

مۇئەللىمى نودەرگە،
تولا قىلدى نەسىھەت.
ماقۇل - ماقۇل دەپ قويۇپ،
تۈزەتمىدى ئۇ پەقەت.

كىتاب: ئەي ئاق كۆڭۈل دەپتەرجان،
ئاڭلاپ تۇردۇم سۆزۈڭنى.
سۆزۈڭ دۇرۇس، مېنىڭمۇ —
قارىغىنا يۈزۈمنى.

قارا قەغەز قىستۇرۇپ،
سۈرەتلەرنى كۆچۈردى.

مېنىڭ ئېسىل سەھىپەم،
تونۇغۇسىز ئۆزگەردى.

جىلتا: كىتاب، دەپتەر، قېرىنداش،
مەن سىلەرنىڭ ئىشچىڭلار.
خەۋىرىم بار ھەممىدىن،
بولغان ئىشنى ئېيتىڭلار.

ئۈزۈك مېنىڭ بوغقۇچىم،
نان خالتىسى بۇرۇچۇم.
چىقار ئۆرۈپ قاقساڭلار،
نان ئۇۋىقى بىر ئوچۇم.

كېتىۋەرسە مۇشۇنداق،
نودەرجانغا كۆپ زىيان.
ئاڭا رەھىم قىلمايدۇ،
ھەر قېتىمقى ئىمتىھان.

گالستۇكقا ئېيتايلى،
بەرسۇن ئاڭا تەربىيە.
نودەر تاقسا گالستۇك،
قىلاتتۇق بىز تەنتەنە!...

## 2

مۇراجەت: ھەي گالستۇك بىلسەن،
بىزنىڭ نودەر باشلىقنى.
ئۆتكۈزمەكتە بىھۇدە،
ئېسىل پۇرسەت ـ ياشلىقنى.

ئوقۇشقا بەرسىدى،
ئىخلاسىنى، دىتىنى.
بىلسە ئىكەن بىزلەرنى
ئىشلىتىشنىڭ ئېپىنى.

ئۆزى ئۇستا پۇتبولغا،
چاپسا ھارماس ئۇزۇنغا.
ئوقۇشتىمۇ ئاشۇنداق،
ئۆتسە ئالدى ئورۇنغا.

گالستۇك: باركاللا يولداشلار،
مۇراجەتنى ئاڭلىدىم.
نەچچەن ۋاقتىن مەن بولسام،
ئىلغارلارنى ئاللىدىم.

مىنى قىزغىن سۆيگەنلەر،
شەرتىمگە نەق كۆنگەنلەر.
مىنىڭ ئوبدان دوستۇمدۇر،
شان ـ شەرەپكە چۆمگەنلەر.

نودەر بۇنى ئاڭلىسۇن،
توغرا يولنى تاللىسۇن.
گىرە سالاي بوينىغا،
هەممە ئۇنى داڭلىسۇن.

دوستلار ئۇمىدى: دەپتەر، كىتاب، قىرىنداش،
جىلتاجانلار بىر تۇتاش.
چىپىپ كەلدى نودەرگە،
ئۇمىد بىلەن ئالدىراش.

ۋەكىل بولۇپ كىتابخان،
(ئۆزىمىغۇ سەۋرچان،)
نودەرجاننىڭ ئىشىنى،
قىلدى رەتلىك نامايان.

ئىزهار قىلدى هەتتاكى،
گالستۇكنىڭ شەرتىنى.

ئېيتتى ئېنىق سەپداشلار
مەقسىتىنىڭ تەكتىنى:

ياخشى ئۆسمۈر بولساڭ سەن،
بىزنى تۇتساڭ قەدىرلەپ.
كىچىك مۇخبىر يازمامدۇ،
ئۇلگە قىلىپ تەسۋىرلەپ.

بىزگىمۇ زەپ ياخشىتى،
(شەرەپ دېگەن باشقىتى.)
سېنىڭ ياخشى ئىشلىرىڭ،
بىزگە ئالتۇن چاچقۇتى.
. . . . . . . . . . . .
بۇ سۆزلەردىن نودەرجان
تەسىرلەندى، ئويلاندى...
قىلغان ئەسكى ئىشىدىن،
سەسكەندى ھەم تولغاندى...

## 3

نودەرنىڭ چۈشى:
نودەر ئۇخلاپ چۈش كۆردى،
چۈشىدە بىر قۇش كۆردى،

قۇش ئاغزىدا گالستۇك،
بەردى ئاڭا، خۇش كۆردى...

گالستۇكمۇ نودەرگە
بەكمۇ ئوبدان ياراشتى.
ساۋاقداشلار تەبرىكلەپ،
زوقلىنىشتى، قاراشتى.

مۇئەللىمى قۇچاقلاپ،
پىرقىرتاتتى نودەرنى.
گالستۇكى نۇر چېچىپ،
ئەسلەتتى گۆھەرنى...

قىچقارغاندا تاڭ خورىزى،
كەتتى نودەر ئويغىنىپ.
تۇتتى دەرھال بوينىنى،
قالدى ھەمدە ئويلىنىپ.

چۈشى ئىدى، بىلدى ئۇ،
ئەمما دىلى ئويغاندى.
قايتا سىلاپ بوينىنى،
... ئاپلا! دېدى، تولغاندى...

— قانداق ياخشى، گالستۇك،
تاقاپ يۈرسە مەكتەپتە.
— دېدى نودەر: — ئۆزگىرىش،
ياساي ئەمدى ئەلۋەتتە.

## 4

ئۆزگىرىش:
شۇنىڭ بىلەن نودەرجان،
ئىخلاس قويدى ئوقۇشقا.
جىلتاجانمۇ ئېرىشتى،
دەرھال مەزمۇت بوغقۇچقا.

قېرىنداشنىڭ جانلىرى،
ئۆچلىغۇچتا يايرىدى.
سىزىق بويلاپ دەپتەردە،
چېپىپ ئەسلا ھارمىدى.

يېڭى ۋاراق ئاستىغا،
تاختا قويدى خەت يازسا.
بۇلغانمىدى قالغان بەت،
قېرىنداشنى چىڭ باسسا.

كۆكۈل قويۇپ يازغان خەت،
ئۈنچە بولدى، ئۆچمىدى.
قەدىر تاپتى كىتابمۇ،
قولدىن دائىم چۈشمىدى.

نودەر كەلسە مەكتەپتىن،
قوزۇق ئەمىدى بوش تۇرماس.
گالستۇكنى، جىلتىنى،
ئېسىشنى ئۇ ئۇنتۇماس.
. . . . . . . . . . . . .
ئەجىر قىلىپ نودەرجان،
پىئونېر دەپ نام تاپتى.
چۈش ئائىلاندى راست ئىشقا،
دىمەك، شەرەپ-شان تاپتى.

كىتاب بىلەن دەپتەرنىڭ،
گۈلقەقەسى ئېچىلدى.
چۈنكى ئەمدى خورلانماس،
ئەيىب سىرى يېشىلدى.

خاتىمە:
نودەر شۈنداق ئەيىبنى،
ئالماشتۇردى شەرەپكە.

كىشى ئۆتمەس نۇقسانىسىز،
قاراپ باقسا "ئەينەككە".

بەزى دوستقا ئەينەك-تۇر،
قەدىردانلار سۆھبىتى.
تېز تۈزەتسە نۇقسانىنى،
ئاشار ئىززەت-ھۆرمىتى.

1980 - يىل ( - ئاي.

## پاقىنىڭ لاپ ئۇرۇشى

(مەسەل)

تېپىۋاپتۇ پاقىۋاي،
بىر تال كالا تۈكىنى.
چاپلىۋېلىپ كالپۇكقا،
باشلاپتۇ شاد كۈيىنى:

خالايىقلار ئاڭلاپ قوي،
يۇتۇۋەتتىم كالىنى.
جاھان كۆرۈپ باققانمۇ،
مەندەك پالۋان پاقىنى؟!

جانۋارلار بۇ سۆزگە،
ھەزەر ئەيلەپ قىلىپتۇ.
ئەمما قۇشقاچ ۋىچىرلاپ،
مۇنداق سۆزنى ئېيتىپتۇ:

لاپ ئۇرمىغىن پاقىۋاي،
گەپ قىلمىغىن بايقىماي.
ئاغزىڭ تۇرسا ئويماقتەك،
قانداقچە كالا پاتقاي؟

تەقى-تۇرقىڭ كالىنىڭ،
تۇيىقىغا تەڭ كەلمەس.
ئەخمىقانە سۆزلىرىڭگە،
ئەقلى بارلار ئىشەنمەس.

ھىم! دەپتۇ-دە پاقىۋاي،
تەن بەرمەپتۇ قۇشقاچقا.
پاكىت قىپتۇ توكچىنى،
ئۆزىنى راست داڭلاشقا.

دەل بۇ چاغدا ئۇدۇلدىن
كېلىپ قاپتۇ بىر كالا.

راست يالغاننى ئايرىشنىڭ
پەيتى، دەپتۇ قۇشقاچلار.

قېنى سۆزۈڭ راست بولسا،
ئۇ كالىنى يۇتۇپ باق.
پاقا دەپتۇ شۇ ئانلا:
ياق-ياق، بۇگۈن توق قورساق.

بىر كالىنى ھېلىلا،
يۇتقان تۇرسام پۇتۇنلەي.
دەپتۇ، قورساق ئاچقاندا،
ھە بۇنىمۇ يەپ پۇركەي.

شۇندا كالا بىر بىسسپ،
ئىككى بىسىپ كېپقاپتۇ.
نەدىن كۆرسۇن پاقىنى،
دەسسىگىلى تاس قاپتۇ.

پاقىۋاينىڭ جان-پېنى
چىقىپ، چەتكە قېچىپتۇ...
ئاتقان پورى بىردەمدە
بىتچىت بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن قۇشقاچنىڭ،
قىستاپتۇ راست كۈلكىسى.
پاقىۋايغا قۇشقاچنىڭ،
ئەلەم قىپتۇ بۇ سۆزى:

ئاستىراق ماڭ پاقىۋاي.
تاشلاپ قاچماي كەشكىنى.
كالا يەنە قالدۇرسۇن،
تۈكىدىن بىر نەچچىنى...

لاپ ئۇرمىغىن دوستلىرىم،
زاڭلىق يامان تاياقتىن.
ئىبرەت ئالغىن يۇقىرقى
ئاددىي، ئاچچىق ساۋاقتىن.

1980 ـ يىل 10 ـ ئاي.

# يېڭى قار ئىلھاملىرى

(سېكىل)

## مۇقەددىمە

يېڭى قارنىڭ ئىلھامى،
بولدى دىلنىڭ فونتانى.
ئۇينار قاردا ئوماقلار،
يايراپ قەلب بوستانى.

## يېڭى ناخشا ئېيتايلى

ۋاقىت يېتىپ قىش كېلىپ،
چېچەكلىدى كەڭ ئاسمان.
دەرەخ كەيدى ئاق لىباس،
يايدى يەر ئاق داستىخان.

كېلىڭ دوستلار مەركىگە،
ئاق داستىخان ئۈستىگە.

يېڭى ناخشا ئېيتايلۇق،
يېڭى پەسىل شەنىگە.

يېڭى دەۋران قوينىدا،
قىشمۇ يازدەك كۆكلۈلۈك.
ئوقۇش، ئەمگەك ھەممە ئىش،
ئۆتمەكتە شاد ئۇنۇملۇك.

ئۇتۇقلارنى گۈل قىلىپ،
داستىخانغا تىزايلى.
كېلەر يىللىق ئىشلارنىڭ،
پىلانىنى سىزايلى.

كىم ئەلاچى، كىم ياخشى،
ناخشىمىزغا قاتايلى.
ھايات پارلاق، دىل قوۋناق،
ئەركىن قانات قاقايلى.

## قار ئويۇن...

قار ياغدى، ياق، قار ئەمەس،
ياغدى يەرنىڭ قايمىقى.

ئېتىز، دالا، تاغ، ئورمان،
يېپىندى غاز ماموقى.

قۇرۇت-قوڭغۇز، زىرائەت،
كەتتى شېرىن ئۇيقۇغا.
ئەمما ئۆسمۈر باللار،
چۆمدى خۇشال تۇيغۇغا.

مەكتەپتە ۋە كوچىدا،
قاردىن ئادەم ياساشتى.
قىزىقارلىق بۇ ئىشقا،
چوڭلار زوقمەن قاراشتى.

چۈنكى بىر چاغ ئۇلارمۇ،
بۇ ئويۇنغا قاتناشقان.
ئۆتۈپ يىللار قار ئويۇن،
باللارغا ئالماشقان.

دەيدۇ شۇڭا ئاق چاچلار:
ئوينا ئىجىل باللار.
قايغۇسى يوق، دىلى شاد،
مەڭزى قىزىل ئالمىلار.

## يېڭى قاردا

پاتەم، زورەم قوشماق قىز،
مەكتەپكە ماڭدى تېز.
يېڭى ياغقان ئاق قارغا،
قالدۇرۇشۇپ يېڭى ئىز.

ئاپىسى ھەم دادىسى،
قاراپ قالدى كەينىدىن.
چۇۋۇرلىشىپ قىزلىرى،
تا چىققىچە مەلىدىن.

يېزىپ ماڭدى ئىككى قىز،
يېڭى قارغا خەتلەرنى.
توغرا، گۈزەل يېزىقلار،
تاك قالدۇردى خەقلەرنى.

قولۇم-قوشنا داڭلاشتى،
باش بارمىقنى چىقىرىپ.
كۆرستىشتى خەتلەرنى،
بىر-بىرىنى قىچقىرىپ.

قىزچاقلارنىڭ دادىسى
قىن ـ قىنىغا سىغمايتتى...
مۇزلىسىمۇ ئانىسى،
گەپ ـ سۆزلەرنى تىڭشايتتى...

## قاردىكى سۈرەت

بىر توپ ئوغۇل ـ قىز كېلەر،
يولغا پاتماي تېز كېلەر.
خۇشلۇق ياغار ھۆسنىدىن،
قانداق سىر بار، كىم بىلەر.

چۈشتى مانا ئويۇنغا،
چىقىپ ئېتىز يولىغا.
قار ئېتىشتى، قار تىقتى،
بىر ـ بىرىنىڭ بويىنىغا.

قىزىپ كەتتى قوغلاشماق،
قاردا ئەركىن ئويناشماق.
چىقاتتى ھور بەدەندىن،
(يوقتى قاردا سولاشماق.)

قىزلار قارغا بەك ئەپچىل،
سالدى سۈرەت خىلمۇخىل.
ئېغىز، بۇرۇن، گەۋدە، قول،
چىقتى ئېنىق بەك ئېسىل.

"سۈرەتتىكى بۇ ئادەم
ئەلاچى قىز خالىدەم."
دېگەن خەتنى يازدى ھەم
خۇش خۇي شىتىل ئامىنەم.

## قىش پەسلى

ئاۋات پەسىل قىش پەسلى،
ئويۇنى بار بەك ئېسىل.
بىلسەڭ ئەپلەپ ئويناشنى،
تەن ساقلىققا زور كېپىل.

چانا، كاڭكى ئويناشنىڭ،
توشقان، ئۆردەك ئوۋلاشنىڭ،
راسا قايناق پەسلى بۇ،
ياخشى بەدەن تاۋلاشنىڭ.

ياش دوستلىرىم ئاڭلا، بىل!
ساق بەدەندە ساپ ئەقىل.
ئويۇن ئۇچۇن ئويناساڭ،
بوپ قالىسەن سەن خىجىل.

شۇڭا ئوينا، ئوقۇشقا
پۇختا ئاساس سېلىشقا.
چارچىغاندا مېڭەڭنى
سەگىتىپ، دەم ئېلىشقا.

ئاۋات پەسىل قىش پەسىل،
ئوقۇش ئۇچۇن بەك ئېسىل.
ئوقۇ، ئوينا مەقسەتلىك،
ئالغا ئىنتىل سەن سىجىل.

## ئارمىنىم
(خاتىمە)

مەن سىلەردەك بىرچاغدا
گۆدەك ئىدىم، ياش ئىدىم.
نە بىر ئانام، نە ئاتام
بولسۇن، يالغۇز باش ئىدىم.

نە قولاقچا، نە ئاياق
ئۆچتى ماڭا، قىش سوغاق.
نە بىر ئويناش، نە كۈلۈش ،
دىرىلدەيتتىم ئاچ قورساق.

پاخال ئىدى يوتقىنىم،
كېسەك ئىدى ياستۇقۇم.
ئۆششۈپ قالغان پۇتۇمدا،
ھېلىمۇ بار تارتۇقۇم...

قۇياش غىل - پال چىققاندا،
كۈنگەي يەرنى تاپقاندا.
ئوينىشىم بىر ئوشۇقتى،
”ئەركىن تاي“لار قاتقاندا.

ئىچى پۇشسا ”تاي“لارنىڭ،
ئىشىم تەستى، ئەلۋەتتە...
تاسقىغاندەك جىرىسىنى،
ئايلىناتتىم ئەلگەككە...

قار ”سامسىلار“ ياقاتتى،
قېنى قاچقان يۈزۈمگە.

قار توزاننى چاچاتتى،
ياش چىقماس بۇ كۆزۈمگە.

تەتۈر جاھان، تار جاھان...
بەگلەر خاقان،
خار ۋىجدان...
گەر تاش ئاتساڭ ئۇتىغا،
تەييار ئۇدى تار زىندان.

ئاشۇ قىستاڭ كۈنلەردە،
زىمىستانلىق تۈنلەردە،
قالدى تاتلىق بالىلىق،
كۆمەچ بولۇپ كۈللەردە.

ئارمىنىم شۇ سىلەردەك،
ئوينالمىدىم يېپىلىپ.
بولسام دەيمەن بالىچاق،
كۈلسەم دەيمەن ئېچىلىپ.

كۈلگىن ئاپئاق ئۇكىلار،
بەختى پارلاق ئۇكىلار.

بىل بەختنى قەدىرلە!
دىلى ئويغاق ئۇكىلار.

1980 ـ يىل 12 ـ ئاي.

## تايچاق

دادام ماڭا تاي ئېپ بەردى،
قاپقارا تايچاق.
قۇيرۇق ـ يايلى يەلپۈگۈچتەك،
قاشقىسى ئاپئاق.

دادام دېدى: تاغ ئىچىدە
مەكتىپىڭ يىراق.
چوڭ قىلغۇال، كېلەر يىلى
قالمايسەن ياياق.

تايچىقىمغا چۆپ سالىمەن،
ھەر كۈنى يۇمشاق.
كىشنەپ قويار، پۇراپ قويار،
قىلىقى ئوماق.

دەيمەن ئاڭا: چاپسانىراق
بولغىن ئارغىماق.
قانداق ياخشى، مىنسەم سېنى،
ماڭساڭ شوخ، ئويناق.

تۇيىقى ئاق قومۇچ قۇلاق،
مەن ساڭا ئامراق.
ئارزۇيۇمدۇر سېنىڭ بىلەن
داۋانلار ئاشماق.

1981 ـ يىل 1 ـ ئاي.

# قوزىچاق

قوزىچىقىم قوزىچاق،
يۇمران پاخلانچاق.
بويىندا مىس قوڭغۇراق،
ئەركە، ماختانچاق.

تېگىسپ قويسام، شوخلىنىپ،
سەكرەيدۇ دىڭ ـ دىڭ.

قوغلاپ قويسام زوخلىنىپ،
قاچىدۇ پىلڭ ـ پىلڭ.

دەرسىمنى تەكرارلاپ
چارچىسا مېڭەم.
قوزىچاقنى يېتەكلەپ،
باقىمەن بىردەم.

ئوتلاپ چۆپنىڭ ئۇچىنى،
سۈزۈك سۇ ئىچەر.
يايرىغاندا قۇيرۇقى،
پىلتىڭلاپ كېتەر.

ئۆيگە قايتسام ئەگىشەر،
يۈگرىسەم يۈگرەپ.
مۆكۈۋالسام دالدىغا،
يىغلايدۇ مەرەپ.

كۆرۈپ قالسا ناۋادا،
ئۈسۈپ كېتىدۇ.
ئۈسكەن بىلەن ئىچىدە
كۈلۈپ كېتىدۇ.

چۈنكى ئامراق قوزىچاق،
ماڭا ھەممە ۋاق.
ئويناتسمەن ئەمەسمۇ،
نەي چىلىپ ياڭراق.

1982 ـ يىل 3 ـ ئاي.

## ئويلاپ ئوينا!

خىلىل، جىلىل ئاكا ـ ئۇكا،
مەكتەپ تامان چىقتى يولغا.
دوراپ كۆرگەن كىنوسىنى،
بىردىن تاياق ئالدى قولغا.

"ھايت ـ ھۇيت" دەپلا بىر ـ بىرىگە،
خورازلاردەك ھۇرپىيىشتى.
ئەتراپىغا توپلاشقانلار،
"كىم باتۇر" دەپ كۈشكۈرتۈشتى.

ھەر ئىككىلەن چاماشچىدەك،
ئويۇن قويۇپ قىلدى پەيزى...
يۈز ـ كۆزلىرىگە تەگلىنەتتى،
شىددەت بىلەن ياغاچ نەيزە...

بەزەن ھەتتا بۇ نەيزىلەر،
تاق ـ تۇق قىلىپ قاڭقىشاتتى.
خېلىل ـ جېلىل ئۆزلىرىنى،
كاتتا جەڭدە بايقىشاتتى.

يارىماس ئىش، خەتىرى بار،
دېگەن گەپنى تىڭشىمايتتى.
بىرى زەربە يېمىگۈچە،
بۇ ”قەيسەر“لەر بېسىلمايتتى.

تۈيۈقسىزلا جېلىلجاننىڭ،
ئۆڭ كۆزىگە تەگدى تاياق.
ۋايجان كۆزۈم! دېدى قالدى...
ھۇششەرچىلەر قاچتى ھەر ياق.

خېلىلجاننىڭ ئۆچتى رەڭگى،
مانا ئەمدى قانداق قىلماق.
لازىم پەقەت ئۇكىسىنى،
دوختۇرغىلا تېز ئاپارماق.

گېپىمىزنى ئاڭلىمىغان،
بەڭباشلارغا ئېچىنىشتۇق.

ياردەملىشىپ بىرقانچىمىز،
دوختۇرغىمۇ ئېيپ بېرىشتۇق.

بىر ئاي ئۆتۈپ كۆردۈم دېمەك،
بولۇپ قاپتۇ جېلىل جىرتاق.
كەپسىزلىكنى يولداش قىلسا،
بولىدىكەن ئاسان ھېيتماق.

شۇڭا نەسھەت: كىچىك دوستلار،
ئوينىساڭمۇ ئويلاپ ئوينا!
ماختاپ قويسا قايناپ كەتمە،
باشقىغىمۇ كېسەك قويما!

1982 ـ يىل 12 ـ ئاي.

## گۈل تاقىغاندا

سالام بېرىپ گۈل تاقىدۇق،
كۆكسىڭىزگە مۇئەللىم.
زەپ ياراشتى بۇ گۈللەر،
ھۆسنىڭىزگە مۇئەللىم.

شادلىق نۇرى چاقنىدى،
كۆزىڭىزدىن مۇئەللىم.
بال-شەربەتلەر تامچىدى،
سۆزىڭىزدىن مۇئەللىم.

تاقىغىنىڭلار گۈل ئەمەس،
چىن مېھرىڭلار، دېدىڭىز.
دېدۇق: گۈلدىن زىيادە،
بىزگە بەرگەن ئىلمىڭىز.

كۆڭلىمىز بىر چۆل ئىدى،
گۈلزار قىلغان ئۆزىڭىز.
بىز خۇشال بۇ گۈللەردىن
قېنىپ پەيزى سۈرسىڭىز.

1983-يىل 5-ئاي.

## چەش دۆڭ

(شېئىرىي چۆچەك)

### مۇقەددىمە

قاتار كەتكەن دۆڭ-ئېدىرلىق،
تۇرپانىيۇزىنىڭ شىمال يېقى.

بۇندا بىر دۆڭ توغرىسىدا،
باردۇر ئەلنىڭ رىۋايىتى.

يىراقتىنلا قول سوزۇشۇپ،
كۆردۈڭمۇ؟ دەر ئاقساقاللار.
ئۇ دۆڭنىچۇ "چەش دۆڭ" دەيمىز،
بىلمەيسىلەر ياش بالىلار...

دىمىسىمۇ قىزارغان دۆڭ،
چەش بۇغدايىنى ئەسلىتەتتى.
تەھقىق بولغان ئىش دېيىشىپ،
ئىسپاتلىشىپ بەسلىشەتتى.

بوۋايلارنىڭ رىۋايىتى،
قىزىق ئىكەن قۇلاق سالساڭ.
ئەھمىيەتلىك ئىكەن ھەمدە
بولىدىكەن ئۈلگە ئالساڭ.

* * *

بۇرۇن ئۆتكەن زامانلاردا،
ئىدىرلىقلار بىنەم ئىكەن.
بۇندا بەزەن ئارتسا ھوسۇل،
بەزەن يىلى چىنەم ئىكەن.

بار ئىكەندۇق بىر دېھقاننىڭ،
ئىناق ئۆتكەن ئۈچ بالىسى.
بار ئىكەن ھەم دادىسىدىن
مىراس قالغان بىر كالىسى.

ئىناق، ئىشچان بولغاچ ئۇلار،
تۇرمۇش بوزەك قىلالماپتۇ.
ئاچكۆز بايلار قانچە قىلىپ،
قارمىقىغا ئىلالماپتۇ.

ئاكا-ئۇكا كېڭەش قىلىپ،
كەتمەن بىلەن بوز يەر ئېچىپ،
بىنەم بۇغداي تېرىشىپتۇ،
كالا بىلەن سۆرەم سېلىپ.

يېتىملارنىڭ تەلىيىگە،
كەم بولماپتۇ يامغۇر-يېشىن.
بۇغدايلىرى راسا ئۇخشاپ،
يېتىلىپتۇ ئېگىپ بېشىن.

شادلىنىپتۇ ئۈچ قېرىنداش،
راسلىنىپتۇ ئۈچى تۇتاش.

ئورمىنىمۇ باشلاپتۇ تېز،
سولنى ئېلىپ دەريا ئوخشاش.

چېكىنمەپتۇ كۆندۆزلىرى،
كۆيدۆرسىمۇ كۆكتە قۇياش.
ئورغىنىنى قىپتۇ غارام،
تۆندە ئاينى قىلىپ يولداش.

ھەپتە-ئون كۆن ئىچىدىلا،
ئورۇپ ھەمدە بوپتۇ توشۇپ.
تېپىنغىمۇ كىرىشىپتۇ،
تۇلۇق تاشقا كالا قوشۇپ.

ھارسا كالا بوپتۇ يانداق،
بۇ ئۆچ يىگىت يالڭاياق.
ئىش كۆڭۆللۆك قىپتۇ داۋام،
بولغاچقىلا ئۆچى ئىناق.

چوڭ ئاكىسى ئىش كۆرسەتسە،
ماقۇل ئىكەن كىچىكلىرى.
بامەسلىھەت ئىكەن ئىشتا،
يوقكەن غەيرىي قىلىقلىرى.

شۇنداق قىلىپ خامانىمۇ،
راسلىۋاپتۇ پاكىز چەشلەپ.
ئۈچ ئورۇنغا بۆلۈپتۇ تەڭ،
كۆرە بىلەن قىرىپ ئۆلچەپ.

ئىگە بوپتۇ ئاق كۆكۈللەر،
هالال ئەمگەك مېۋىسىگە.
تۇنەپ قاپتۇ ئۈچ قېرىنداش،
يۆتكىمەك بوپ ئەتىسىگە.

* * *

چوڭ ئاكىسى ئۇخلالماپتۇ،
يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ.
هەمدە ئىككى ئۇكىسىنىڭ
غېمىنى يەپ ئويغا پېتىپ:

"ئوتتۇرانچى ئىنىم بولسا،
سەل ئاغرىقچان بولۇپ قالدى.
كىچىك ئىنىم ئۆيلەنمىدى،
ئونتوقتۇزغا تولۇپ قالدى.

شۇڭا، — دەپتۇ، — ئىككىسىگە،
ئاز بولسىمۇ ياردەم قىلاي.

بۇغدىيىمدىن ئۇن كۆرىدىن،
چەشلىرىگە قوشۇپ قويای.“

دەپتۇ-دە، بۇ تەمكىن يىگىت
مەقسىتىنى ئورۇنلاپتۇ.
سۆپۈرگىدە بىلىنمەس قىپ،
چەشلەرنىمۇ توغرىلاپتۇ.

قايتىپ كېلىپ قاراپ قويۇپ،
ئىككى چېچەن ئۆكىسىغا.
كۆڭلى تىنىپ راھەتلىنىپ،
كېتىپ قاپتۇ ئۇيقۇسىغا.

ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ ھەم
تۈن نىسپىدە ئويغىنىپتۇ.
بۇ يىگىتمۇ ئاكىسىدەك،
مۇنداق تاتلىق ئويلىنىپتۇ:

”ئاكام بولسا كۆپ بالىلىق،
ئاز ئەمەستۇر بىزگە ئەجرى.
بۇغدىيىمدىن قوشۇپ قويای،
ئوچۇق بەرسەم ئالماس قەتئىي.

ئىنىم بولسا تېخى كىچىك،
قىلىدىغان ئىشلىرى بار...
ئاڭا ياردەم قىلىش كېرەك،
بىراق ئالماس قىلىقى بار."

دەپتۇ-دە، بۇ سېخى يىگىت،
ئۇن كۈرىدىن تۆكۈپتۇدەك.
كۆڭۈل-كۆكسى يايراپ شۇ ئان،
ئۆز جايىغا چۆكۈپتۇدەك.

سەھەر پەيتى كەنجىسىنى
يەلپۈگەندە سەلكىن شامال.
قىران يىگىت كۆككە بېقىپ،
كۆز ئېچىپتۇ سەگىپ دەرھال.

زوھرە يۇلتۇز كۈلەر ئىكەن،
تەنتەنە قىپ ئالتۇن چەشكە.
يىگىت كۆڭلى قاناتلىنىپ،
تىلى كەپتۇ بۇنداق گەپكە:

"ئانام ئۆلۈپ، ئاتام ئۆلۈپ،
ئاكام بىزگە قانات ياپتى.

ئوتمىزدا كۆمەچ بولۇپ،
سۈيىمىزدە هامان ئاقتى.

قاناتلىققا قاقتۇرمىدى،
تۇمشۇقلۇققا چوقۇتمىدى.
كىچىك ئاكام هەمدە شۇنداق،
تامىقىمنى سوۋۇتمىدى.

ئۇكام دېسە كۆيۈپ تۇرار،
ماڭلىيىمدىن سۆيۈپ تۇرار.
بىر كۈندە ئون يولۇقسامىمۇ،
يەڭگىلىرىم كۈلۈپ تۇرار.

مەن ئۇلارنىڭ مېهرى هەققى،
قىلالمىدىم تۈزۈك خىزمەت.
هوسۇل ئالغان مۇشۇنداق چاغ،
ياردەم ئۈچۈن ئېىسل پۇرسەت.

بولار قاتتىق كۆڭۈل رەنجىش،
ياردەمدىن گەر ئاچسام ئېغىز.
شۇڭا پىنهان تۇتاي ئىشنى،
قالدۇرماستىن بىرەرمۇ ئىز.»

شۇنداق قىلىپ بۇ يىگىتمۇ،
ئون كۈردىن ئۆلچەپتۇ ئاش.
ئىش ئاخىرلاپ قالغان چاغدا،
بىراق بۇ ئىش بولۇپتۇ پاش...

ئون كۈردىن ئايرىسىمۇ،
ئاكىلارنىڭ كۆپەيمەستىن،
ئۈچ چەش تەڭلا تۇرغىدەكمىش،
ئۆزىنىڭمۇ كەمەيمەستىن.

"تۇۋا! قانداق ئىشتۇ بۇ" دەپ،
بالا قاتتىق ئويلىنىپتۇ.
ئادىتىچە ئاكىلارمۇ،
سەھەردىلا ئويغىنىپتۇ.

ئويغىنىپلا ئاكىلارنىڭ ،
چۈشۈپتۇ كۆزى ئىنىسىغا.
چەش يېنىدا كۆرە تۇتۇپ،
تۇرغان "غەيرىي" قىلمىشىغا...

گەنجى يىگىت خىجىللىقتىن،
كىرگۈدەكلا بوپتۇ يەرگە.

چۆمۈپ تەرگە چىلىق-چىلىق،
ئاغزى كەلمەي قاپتۇ گەپكە.

"ئاكىلىرىم نىمىمۇ دەر،
ئوغرى دىسە ئۆلمەيمەنمۇ؟!...
بىراق چەشتە ئۆزگىرىش يوق،
راست ئەھۋالنى دىمەيمەنمۇ؟!..."

ئىنىسىنىڭ تەڭقىسلىقى،
ئاكىلارغا ئايان بوپتۇ.
پاك نىيەتتە ئۆز ئالدىغا،
قىلغان ئىشلار بايان بوپتۇ.

قۇچاقلىشىپ قېرىنداشلار،
تۆكۈشۈپتۇ ئىسسىق ياشلار...
بارىكاللا ئېيتىپ قاپتۇ،
تەسىرلىنىپ تاغۇ تاشلار.

دەپتۇ بۇ چاغ چوڭ ئاكىسى:
— بىزگە بۆلۈم نىمە كېرەك؟
بىر يەرگىلا چەش قىلايلى،
ياخشى نىيەت بەرىكەت دىمەك.

هاجىتىمىز بولسا قانچە،
توشىمامدۇق بىر چېتىدىن.
خۇرسەن بوپتۇ ئىنىلارمۇ،
ئاكىسىنىڭ بۇ گېپىدىن .

دېمەك چەشنى باشقىدىنلا،
ئۇچى بىللە دۆۋىلىشىپتۇ.
بىرى خامان ساقلاپتۇ ـ دە،
ئىككىسى تېز توشۇشۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن زوھرە يۇلتۇز،
قىن ـ قىنىغا قاپتۇ پاتماي.
ياغلىق شىلتىپ كېتىپ قاپتۇ،
قېنى سەن؟ دەپ خىزىر بوۋاي.

خىزىر بوۋاي كۆتۈرگەندەك،
قولى بىلەن ئالتۇن تاۋاق.
قۇياش كۈلۈپ چىقىپ كەپتۇ،
نۇرلىنىپتۇ جىمىكى ياق.

ئۇچ يىگىتنىڭ خامىنىغا،
نۇر بۆلەكچە سېپىلىپتۇ.

(خىزىر بەرىكەت ياغدۇردىمۇ،
ئۇ يېقىنى كىم بىلىپتۇ؟)

يىگىتلەرنىڭ ئاش توشۇشى،
بەكمۇ راۋان قىپتۇ داۋام.
چارچىغىنى نۆۋەت بىلەن،
خامان ساقلاپ ئاپتۇ ئارام.

تاڭ سەھەردىن كۈن پاتقىچە،
تۈگمەپتۇ توشغانغا.
بۇغداي دېگەن سىغماي قاپتۇ،
نەچچە ئورا، نەچچە ساڭغا.

ھېچبىر ھالى قېلىشماپتۇ،
ئورا كولاپ كېچىلىرى.
ياردەم قىپتۇ خۇشال بولۇپ،
بۇنى كۆرگەن قوشنىلىرى.

ئەمما چەشنىڭ بۇرجىگىلا
بۇزۇلۇپتۇ، خورىماپتۇ.
يوقسۇللارغا خەيرىخاھلىق
قىپتۇ، زادى تورىماپتۇ.

قىرى-چۈرى، تۈل-يېتىملەر
يىگىتلەردىن خوش بولۇپتۇ.
چىقىپ شۇندا شۇم غەرەزلەر،
بۇ بايلىققا چاڭگال سالپتۇ.

چەكلەپ بارچە كەمبەغەلنى،
"يەر بىزنىڭ" دەپ قىپتۇ بوھتان.
"خەزىنىگە سالىمىز" دەپ،
قۇرۇشۇپتۇ توزاق-قاپقان...

تۆگىلەردىن، خېچىرلاردىن،
تۈزۈپتۇدەك نەچچە كارۋان.
خەلقىمۇ سالپتۇ ئالۋاڭ،
قامچىسىدىن تېمىتىپ قان...

شىددەت بىلەن چەش بۇغدايغا
چېكەتكىدەك يېپىلغاندا.
تەگرىنىڭ راست كەپتۇ قەھرى،
قىلىچ سىرىپ كۆك ئاسماندا...

كۈندۈز بىردىن تۈن بولۇپتۇ،
قاراسلاپتۇ تاغۇ تاشلار.

قاپ، كۆرنى قۇچاقلاپلا،
گۇم بولۇپتۇ باغرى تاشلار.

چەش بۇغدايمۇ شۇ ئاندىلا،
ئايلىنىپتۇ قىزىل دۆڭگە.
شۇندىن كېيىن پۈتۈلگەنمىش،
"چەش دۆڭ" نامى ئاشۇ دۆڭگە.

## خاتىمە

دېمەك بۇ بىر رىۋايەتكەن،
ياخشى ئىشقا دالالەتكەن.
ئىناقلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك،
رىۋايەتتە ئالامەتكەن.

سېخىي، مەرتلىك، ئەمگەكچىنىڭ
يولى كەڭرى، سائادەتكەن.
قارا كۆڭۈل، شۇم نىيەتنىڭ
تەقدىرىمۇ هالاكەتكەن.

تەڭرىنى لال قىلغىنىدا،
ئۈچ يىگىتنىڭ دىيانىتى.

تەگرىنى ھەم قىپتۇ خاپا،
ئاچكۆزلەرنىڭ خىيانىتى.

خىيانەتچى، تۆھمەتچىنىڭ،
يۈزى شۇنداق تۆكۈلدۇ.
ئەل رىزقىغا كۆز ئالايتقان،
نەپرەتلەرگە كۆمۈلدۇ.

ياش ئىنىملار، ياش ئەۋلادلار،
ئۈچ يىگىتتىن ئالغىن ئۈلگە.
سەمىمىيلىك سۇلتانلىقتۇر،
پۈركەلگۈسى ئىزىڭ گۈلگە.

1983 - يىل 6 - ئاي.

## بىزنىڭ كوچا

(ئېيتىشىش)

ئوغۇل: بىزنىڭ كوچا بوستان كوچا،
سايە - سالقىن ئوبدان كوچا.
نەچچە مىللەت جەم بولۇشقان،
زىچ ئۇيۇشقان قورغان كوچا.

قىز: بىزنىڭ كوچا ـ بوستان كوچا،
بالىلىرى دوستان كوچا.
مىللىي دوستلۇق چېچەكلىگەن،
خۇش پۇراقلىق گۈلخان كوچا.

ئوغۇل: بىزنىڭ كوچا بوستان كوچا،
سۈيى ـ ئېقىن راۋان كوچا.
ئوينايمىز شاد ئىجىل ـ ئىناق،
جىدەللەردىن ئامان كوچا.

قىز: بىزنىڭ كوچا بوستان كوچا،
ئېلېكترلىق چولپان كوچا.
غۇبارسىز پاك كۆڭلىمىزدەك،
بۇلۇتسىز كۆك ئاسمان كوچا.

بىرلىكتە: بىزنىڭ كوچا بوستان كوچا،
تىل تەگمىگەي ئوبدان كوچا.
مىللەت ئارا ئىززەت ـ ئىكرام،
مېھىر ـ شەپقەت فونتان كوچا.

1983 ـ يىل 6 ـ ئاي.

# پاخپاق

كەل ئوينايمز پاخپاق، دېدى
ئەكرەم كچك ئۇكسغا.
قاتلنۋالغان قات ـ قات قەغەز،
تولغاندى سومكسغا.

كېلە، دەپلا ئەخمەتجانمۇ،
شەپكسنى ئالدى قولغا.
ئچى تولغان پاخپاق ئدى،
مەرتلك بلەن تۆكتى يولغا.

ئككى تەرەپ تاللاپ چقتى،
سالمقى بار ساقسنى.
پاس سېلشپ باشلۋەتتى،
سۈرتۈپ قويۇپ ماڭقسنى.

چوڭ دېگەننڭ چوڭلۇقى بار،
ئامەت كەلدى ئەكرەمجانغا.

ئۇندەك پاخپاق ئۇتقۇچىلا،
چۆمدى بىراق توپا-چاڭغا.

بوش كەلمىدى ئەختەمجانمۇ،
پەمى باركەن بىر ئوبدانلا.
قايتۇرۇۋالدى پاخپىقنى،
شادلىقنى سورىماڭلار...

قۇچاقلىغان پاخپىقنى،
سېزىشمەيتتى قاسمىقنى.
بىر-بىرىگە كۈلۈپ تېخى،
قىلار زاڭلىق-چاقچىقنى.

بۇرۇنلىرىنىڭ تۆشۈكلىرى،
قارا-قۇرۇم مايلاشقانتى.
پارقىرايتتى كۆز بىلەن چىش،
قالغان يېرى قاملاشقانتى.

ئۇلار بىر پەس دەم ئېلىپلا،
بولدى يەنە ئوينىماقچى.
چىدىمىدىم قاراپ تۇرۇپ،
بولدۇم ئاخىر توسماقچى.

“ئويۇنڭلار يامان ئويۇن،
كۆپكەن ئۇنىڭ زىيىنمۇ.
توپا باستى يۈزۈڭلارنى،
ئۆپكەڭلەرنىڭ ئىچىنمۇ.

يۈزنى يۇسا كېتەر قاسماق،
يۇتقان توپا چىقار قانداق؟
دېمەك ساقلىق ئۈچۈن چاتاق،
ئوينىماڭلار ئەمدى پاخپاق.

ئەكرەم ئاڭلاپ دەررۇ سۆزنى،
يېڭى بىلەن سۈرتتى يۈزنى.
ئەختەمجانمۇ ئۇۋۇلاشقا
كىرىشكەنتى ئىككى كۆزنى.

ئۇۋۇلىما دېدىم شۇ ئان،
يۇيۇپ قويدۇم پاكىز قىلىپ.
ھەر ئىككىسى پاخپىقىنى،
ئاتتى سۇغا، كەتتى ئېقىپ.

. . . . . . . . . . . .

زەپمۇ ئوبدان باللاركەن،
گەپكە دەرھال كۆنۈشتى دەك.

قېقىپ ئۇستىباشلىرىنى،
قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى نەك.

1983 ـ يىل 9 ـ ئاي.

## ئوغلاق، خوراز، ئاسلانچاق
(شېئىرىي مەسەل)

ئويلىماي ئوينىغان ئويۇننىڭ،
تولىدۇر پايدىدىن زىيىنى.
بايقىماي گۈل ئۈزسەڭ شۇنىڭمۇ،
قولۇڭغا كىرگۈسى تىكىنى.

ئوغلاق بەگ، خوراز جان، ئاسلانچاق،
ئۈچىدە بۇ ھەقتە بار ساۋاق.
ئاسلاندا ھېچقانداق گۇناھ يوق،
ھەممىنى قىلغان شۇ شوخ ئوغلاق.

كۆكلەمدە تۇغۇلۇپ سالامەت،
ئويۇنغا كىرىشتى ئالامەت.
قىيغاتتى، پاتمىدى قىنىغا،
شوخلۇقنى دوست تۇتتى داۋامەت.

تام ئۈستى، ئۆگزىلەر سەھنىسى،
قاخشاشتى قوشنىنىڭ ھەممىسى.
خورازمۇ كۆپ ئۆتمەي ئوغلاققا،
قوشۇلدى قوزغىلىپ ھەۋەسى.

قاناتلىق بولغاچقا خورازۋاي،
ئوينىدى ئوغلاقتىن قېلىشماي.
ئۇلارنىڭ نەزىرى ئۆستى بەك،
قېلىشتى پەس يەرنى خالىماي.

ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سەھەردە،
(يۈزىنى يۇيۇشماي ئەلۋەتتە.)
مە، مە، قۇ، قۇ، قۇق دېيىشىپ،
ھەرىكەتكە چۈشىدۇ بەس-بەستە.

كاتەكنىڭ ئۈستىگە چىقىشار،
خورازجان كۈچۈنۈپ قىچقىرار.
ئوغلاق بەگ كېرىلىپ دەم تۇرۇپ،
دىك-دىك قىپ ئۈزمەستىن قىيغىتار.

خورازجان ھەببەللى دېگەندەك،
يەر تاتىلاپ ئىغاڭلاپ يەلكەندەك.

شادلىنار قۇ، قۇ، قۇق كۈيگە،
ئوغلاقنىڭ ئۇسسۇلى كەلگەندەك.

ئېغىلنىڭ ئۆگزىسى كەڭ مەيدان،
بۇ يەردە ئوغلاق بەگ مەمەدان.
كۆرستەر خىلمۇخىل ئويۇننى،
خالايىق قالغىدەك زەپ ھەيران.

خورازجان قاناتنى قاقىدۇ،
يەر تاتلاپ توپىنى چاچىدۇ.
كۈن پېشىن بولغاندا، ئىسسىقتا،
توپىدا پىتلىنىپ ياتىدۇ.

بۇ ئىشنى خوپ كۆرمەي ئاسلانچاق،
بىر ئۆسكەن تەگگە ـ تۇش دوستانچاق.
بەس! دېدى، بولمايدۇ بۇ قىلىق،
كۈز كېلەر ئۇ چاغدا ئىش چاتاق.

سوتكىلاپ ياغقۇسى يامغۇر بار،
ئاچچىق سوغ بورانلار غۇرقىرار.
تېشىلسە، چۇۋۇلسا ئۇۋاڭلار،
تىترىشىپ ئېنىگلار شۇرقىرار.

ئوغلاق بەگ يەر تېپىپ بۇ گەپكە
دەرھاللا قايتۇردى رەددىيە.
ماختانچاق خورازجان دېدى تەڭ:
— ئۆزەڭگە قىلىۋال تەربىيە.

ئۆيۈڭدىن چىقالماي قورقۇنچاق،
بىزگىزە بەرمەكچى سەن ساۋاق.
ئىچىڭ راست ئاداپتۇ بىچارە،
بىز شۇنداق ئوينايمىز شوخ ئىناق.

ئۇخلاۋەر سوپىچاق كېڭىدا،
ئوۋلاۋەر چاچقاننى سېڭىدا.
ئوينايتتىڭ بىز بىلەن بولسا گەر،
قىلچىلىك غورۇرىڭ قېنىڭدا.

بۇ گەپلەر ھار كەلدى ئاسلانغا،
ئېچىندى بۇ ئىككى نادانغا،
خەيرىيەت، — دېدى ھەم، — ئاقىۋەت
قاچاڭلار چاق كەلمەس پۇشمانغا.

ئاسلانچاق ئاستىلا چېكىندى،
ئۆيىگە، ئىشىغا بېكىندى.

بۇ ھالەت ئوغلاق بەگ، خورازغا،
بەك كاتتا غەلىبە بىلىندى.

ئويۇنغا قانمىدى بەگۋاشلار،
ئارىدا بولمىدى تالاشلار.
ئۆگزىلەر ئىچىلدى،
داۋاملىق
بولغاچقا سەكرەشلەر، تاتلاشلار.

گۈزەل ياز ئىزىدا تۇرمىدى،
نۇقسانسىز كۆكۈللۈك ئوزىدى.
بەگباشلار ئۆتكۈزدى نۇقسانىنى،
ھە ئۇنى كۈز كەلمەي تۇيمىدى.

كۈز كەلدى، ھۆل-يېغىن باشلاندى،
تىرىك جان پىنھانغا تاشلاندى.
بەگباشلار ماكانى ۋەيرانە،
تۈنلەردە كۆزلىرى ياشلاندى.

يامغۇردا بەدەنلەر ئىچىشتى،
سوغ دېگەن ھەرىدەك چېقىشتى.
بولمىدى، باش ئىگىپ ئاسلانغا،
دېرىزە، ئىشىكنى قېقىشتى.

ئەقىللىق دوستىمىز ئاسلانچاق،
كېپ قالدۇق ئىككى دوست ماختانچاق.
گېپىڭنى قۇلاقتا تۇتماپتۇق،
چىقتى راست سەن دېگەن چوڭ چاتاق.

قاناتلار سالپايدى، چۈشتى باش،
پەرياتتىن، پۇشماندىن ئاقتى ياش...
قوپاللىق قىلغاندۇق ناماقۇل،
رەنجىتكەن سېنى بىز قاپاقباش.

ئاچقىنچۇ ئىشكنى سەن دەرھال،
قالمىدى بىزلەردە ھېچ ئامال.
ئالامدۇ بۇ جاننى سوغ شامال،
بولمىدى قىلمىساڭ بىر ئامال.

ئاسلانچاق پىلتىڭلاپ مياڭلاپ،
ئىشكنى ئاچتى كەڭ ئاۋايلاپ.
بەڭباشلار كۆرۈشتى يىغلىشىپ،
ئاق كۆڭۈل دوستىنى قۇچاقلاپ.

ئاسلانچاق ئۇت ياقتى مەشكە لىق،
يالقۇنجاپ تارقالدى ئىسسىقلىق.

ئىسسىنىپ قۇرۇڭلار، قورۇنماي،
دېدى ھەم، — تارتماڭلار خىجىللىق.

ئۆتكەن ئىش ئۆتتىغۇ، سالاۋات،
بولدىغۇ قىلساڭلار پەندىيات.
ساقلانسا ساۋاقلار ئۇنتۇلماي،
خاتىرجەم ئۆتكۈسى بۇ ھايات.

خوپ-خوپ-خوپ، راست شۇنداق، دېيىشىپ،
بۇ ئۈچ دوست ئۆزئارا بېقىشىپ،
كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزدى،
كۆپ ئىشنى ئەسلىشىپ سىردىشىپ.

* * *

بەڭباشلىق ھەددىدىن ئاشقاندا،
قالدۇرار كىشىنى پۇشماندا.
ھوشىنى يىغقانلار تاپار يول،
ھالقىلىق سائەتنى توشقاندا.

بەزىلەر چۈشىمۇ پېتىدىن،
چۈشسىمۇ شۆھرەتلىك ئېتىدىن.
چۈشكۈسى كەلمەيدۇ يەنىلا،
تىرەجەپ ئۆزەڭگە بېغىدىن.

ئوغلاق بەگ، خورازجان كەچمىشى،
ساۋاقتۇر زەڭ سالسا ھەر كىشى.
كىمكى ئۇۋىسىن قىلسا خار،
تەھقىقتۇر زاۋاللىق يەتمىشى.

1984 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى.

# تېپىشماقلار

## 1

زىننقى بار ئېلىپتەك،
كۈلۈپ تۇرغان يىگىتتەك،
مەرۋايىتتەك سوقچاق،
يېسەڭ تاتلىق يىلىكتەك.

سىرتى سېرىق ئاپئاقتۇر،
ئىچى تاتلىق قايماقتۇر.
ئاشۇ قايماق بار ئىكەن،
ھايات قوۋناق قايناقتۇر.

ئايلانسا ئۇ ئۇۋاقتا،
بولماق بولار بوۋاقتا.

نېمه تاپقىن؟

دەرماندۇر

ھەرقانداقلا قورساقتا.

(بوغداي)

## 2

مەرۋايىتتىن جالا تاقىغان،

سۇنىڭ گۈزەل مەلىكىسى.

ئۇ قاتناشماي ئۆزىمايدۇ،

يۇرتىنىڭ كاتتا مەرىكىسى.

سۇدا ئۈنۈپ، سۇدا ئۆسۈپ،

سۇدا ئەركىن يېتىلىدۇ.

تاماقلارنىڭ سۇلتانىمۇ

ئۇنىڭ بىلەن تىرىلىدۇ.

تاماقلارنىڭ ئۇشبۇ شاھى،

يەتسە ئەجەل سۇ دەر يەنە.

سۇ يىلىلىق شاھ، مەلىكىنىڭ،

ئېيتىڭلارچۇ ئىسمى نېمە؟

(شال، گۈرۈچ)

## 3

قۇياشنى سۆيىمىز بارچىمىز،
قۇياشقا ئاتەشتۇر مېھرىمىز.
قۇياشتۇر ھاياتنىڭ پاناھى،
ئۇ بىلەن نۇرانە چېھرىمىز.

ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ئىچىدە،
بار گۈزەل، ئالتۇنباش بىر گىياھ.
شۇ گىياھ جېنىدا قۇياشقا،
ئېھتىرام ئىلكىدە مەھلىيا.

چىقىپ كۈن، تا پېتىپ كەتكۈچە،
تازىمدىن كۆتۈرمەس بېشىنى.
قۇياشقا ھۆرمىتى ئالەمچە،
ئېيتقىنا شۇ گىياھ ئىسمىنى.

(ئاپتاپپەرەس)

## 4

قىر بېشىدا بوۋايلار،
قۇرۇۋالغان بەداشقان.

شېكەر تامار لېۋىدىن،
ساقاللىرى ياراشقان.

تۈۋا دەيمەن ساقلى،
قارايدىكەن ئاسمانغا.
تاپالمساڭ بۇنى سەن،
مۇراجەت قىل دېھقانغا.

(قىزىلچا)

5

يوپۇرمىقى بەش بارماقتەك،
ھەربىر بوغۇمىدا.
بوغۇملىرى بىلىنمەس،
زىلۋا، بەك سىپتا.

پوستى نېپىز، ئەمما ئۇ
تاسمىدەك پۇختا.
دېھقان تاغاڭ شوينا قىپ
تۈگىدۇ نوختا.

ئەھمىيەتلىك، ھاجەتلىك،
ئېسىل ئۆسۈملۈك.

مانا بۇنى تېپىپ كەل،
بېرەي كۆرۈملۈك.

(كەندىر)

6

گۈللەر سەردارى،
بىر گۈل بار قۇتلۇق.
ئۇندا كامىلدۇر،
پەزىلەت، خۇلق.

مەستۇر بۇلبۇللار
پۇراقلىرىدىن.
جاي ئالار قىزلار
قۇلاقلىرىدىن.

شەپەق قىزىلدۇر
قىزىللىقىدىن.
كېسەلگە شىپا
ئىسسىقلىكىدىن.

قانداق گۈل تاپقىن؟
كۆكسۈڭگە ياققىن.

(قىزىلگۈل)

## 7

بىر گۈلنى كۆردۈم،
گۈللەر ئىچىدە.
سېھىرگەر كۈلكە،
قونغان لېۋىگە.

باقسام رۇخسارى،
يامان ئەمەسكەن.
ئەپسۇس، بىراق ئۇ
قىزغانچۇق ئىكەن.

كېپىنەك ھەرە،
ئۇخلاپ قالغاندا.
ئېچىلىدىكەن،
زاۋال بولغاندا.

قارا قوتۇركەن،
شۇڭا ئۇرۇقى.
تېپىڭا ئۇكا،
دورىماڭ ئۇنى.

(نامازشام گۈل، ھەپىرەڭ)

## 8

چاچقىنى خۇش پۇراقتۇر،
گۈل بەرگىسى قات ـ قاتتۇر.
تۈرى كۆپتۇر، مىسالى:
قىزىل، سېرىق، هال، ئاقتۇر.

ئېلىپ كېلەر گۈزەللىك،
يازدا هويلا ـ بېغىمىزغا.
زوق ۋە هۇزۇر بېغىشلار،
سېنىڭ ئۇچقۇر دىلىمىزغا.

گۈلى ئۇزاق توزىماس،
باقساڭ ياشنار، قۇرىماس.
ياخشى بالا ۋاقتىسىز،
ئۈزۈپ، يۇلۇپ ئوينىماس.

نېمە گۈل ئۇ بىلەمسىز؟
ماڭا ئېيتىپ بېرەمسىز؟

(ئەتىرگۈل)

## 9

يوپۇرمقى كالىنىڭ
قۇلىقىدەك چوڭ.
ئاڭا ياخشى ماكاندۇر
يەشىك بىلەن تۇڭ.

قىش ـ ياز بىردەك ياپيېشىل
تۇرىدۇ ئېسىل.
بولمىسىمۇ ئېچىلغان
گۈللىرى قىزىل.

ئەتىۋارى بۆلەكچە،
ياشايدۇ كۆپ يىل.
ئىسمى نېمە ئۇيغۇرچە،
مالدۇر شۇنى بىل.
(گۈلخەيرى، فېننېكس ـ فىكوس)

## 10

زەڭگەر، ئاپئاق تاجلىق،
كۆركى گۈزەل كۈنلەرنىڭ.

ئېچىلىدۇ ئەڭ بۇرۇن،
ئەلچىسىدۇر گۈللەرنىڭ.

خۇش پېقىملىق ھىدى بار،
دىمىقىڭنى غىدىقلار.
تۇتقىنىڭدا بۇرنۇڭغا،
يېڭى سېزىم بېغىشلار.

ئاڭا ئامراق ئۈسمۈرلەر،
ئۇستازىغا ئېپ بارار.
تالى مەجنۇن سۇمباتلىق
ئېيتقىن قانداق ئىسمى بار.

(سېرىنگۈل)

## 11

يوپۇرمىقى قىياقتەك
ئۆسىدۇ توپ ـ توپ.
ئانا يەرنى يىلتىزى،
ياتىدۇ قۇچۇپ.

گۈلى خۇددى ئوخشايدۇ
كاككۇك گۈلىگە.

بېغىشلايدۇ گۈزەللىك
دالا ھۆسنىگە.

ئويلاپ باققىن، رىشتى چىڭ
ئۆسكەن زېمىنغا.
ئورنىغاندەك ئەل مېھرى،
سېنىڭ دىلىڭغا.

(چىغىرتماق)

## 12

بېشىدا شاخلىق،
باردۇر تاجىسى.
تۈپتۈز ئۆسۈملۈك،
يوقتۇر ئاچىسى.

بېلىدە نۇرغۇن،
يېشىلمەس پوتا.
چاپانلىرىمۇ
غېرىچچە، چولتا.

لەگلىكىڭ ئۈچۈن،
بولار ئۇمۇرتقا.

قەغەزمۇ بولار،
بارسا زاۋۇتقا.
شاخ تارچىلىغۇ،
چاپىنى قىسقا.
كىملەر ئۇستىكىن،
بۇنى تېپىشقا؟

(قومۇش)

## 13

بىر گىياھ بار تاغدا كۆپ،
قارامتۇل تەنلىك.
يوپۇرماقتىن غولىغىچە،
زەھەر تىكەنلىك.

تېگىپ كەتسەڭ چاقىدۇ،
ئۇششۇك ھەرىدەك.
يەللىك شۇنچە، تېنىڭنى
قاپلايدۇ ھۇررەك.

ئۆزىمىزغۇ ئۇخشايدۇ
كەندىرگە ئەجەب.

تاپالمساڭ دەپ بېرەي،
يۇرمىگىن ئىزدەپ.

(چاقماق)

## 14

چۆل - جەزىرىنىڭ
زىنىنتى - كۆركى.
قىزىل پاچاقلىق،
ئاسماندۇر بۆكى.

چېچەكلىرىمۇ
ئوخشايدۇ يۇلتۇزغا.
شەپەق ۋە يالقۇن
بېرەر ئوپۇققا.

تەشنالىقىنى
قاندۇرار بولۇت.
يوتوۋېتەلمەس
ھەرقانچىكى جۇت.

چىدام - غەيرەتكە،
ئەبەدكە ئۇلگە.

قانداق نام بەرگەن،
ئېيتىڭا بۇ گۈلگە؟

(يۇلغۇن)

## 15

بىر گۈل باركى، يىلتىزى
قاباھەتلىك گۈل ـ گىياھقا.
چىرمىشىپ يەر ئاستىدىن،
يوللاپ تۇرار ئۇ دۇنياغا.

دېمەك، خۇددى يەرنىڭ راكى،
زىياندAشتۇر زىرائەتكە.
ئەھمىيتى پەقەت شۇكى،
سىمۇولدۇر بەدنىيەتكە.

شۇڭا گۈلچى، قوغۇنچىلار،
كۆرسە ئۇنى شۇركىنىدۇ.
قاغىش تاپقان قانداق گۈل ئۇ،
تەپرەتلەرگە كۆمۈلىدۇ؟

(شۇمبۇيا)

## 16

سوقا، دۇگىلەك،
ئوخشار تۇخۇمغا.
ئۆزىمۇ ئامراق،
بوشاڭ ـ ھۇرۇنغا.

ئوڭ تەرىپىدە،
چىكىتتىن كېيىن،
كۆپەيسە قوشنا،
ئەھۋالى قىيىن...

سول تەرىپىدە
كۆپەيسە قوشنا.
ئىززەت ـ ھۆرمىتى،
ئاشىدۇ خويما.

(0)

## 17

بوۋاڭ، موماڭغا،
بولىدۇ ھاسا.

ئۇتۇن كەسلسەڭ،
هەمدە ئايپالتا.

ئۆكەر يۆلتۇزدىن،
ئىزدە جاۋابنى.
تاپسەن ئاسان،
بىلسەڭ ساناقنى.

(7)

## 18

ساڭگىلاپ تۇرغان،
ئىلغۇدەك كۆرسەڭ.
ساپلاقلىق ئورغاق،
بولار كۆمتۈرسەڭ.

ئاچساڭلا ئالقان،
جاۋابى ئاسان.

(5)

## 19

بوغۇزلۇق قاپاق،
كۆرسەڭ هەممە چاغ.

بولار كۆزەينەك،
بکتسەڭلا باغ.

ئككى ئشقا باب،
نمدۇر بۇ تاپ.

(8)

## 20

يلان دېمگن،
يۆگشپ تۇرسا.
ئولتۇرغان كۈچۈك،
كۆز، قۇلاق بولسا.

ياچۋەككمۇ،
ئوخشايدۇ بلى.
ئۇ سپرلارنڭ،
قايسبرخلى؟

(2)

## 21

بېشى دوملاق،
سېپى ئۇزۇنچاق.

چوماق بولىدۇ،
توشقان قوغلىساق.

تەلتۆكۈس جىسمى،
نېمىدۇر ئىسمى؟

(9)

## 22

بىر قولى سۇنۇق،
ئارا، ئۈچ قوللۇق.
ياكى چەيدوغا
ئوخشايدۇ تولۇق.

ئورۇندۇق، ئۈستەل،
جاۋاب بېرەر تەل.

(4)

## 23

بېگىز قولچىلىك،
تۇرار يالغۇز ئۇ.

ئاز كۆرەر بەرسەڭ،
ھەتتا ھۇرۇنمۇ.

ئەمما بەرمەيدۇ،
سەپنىڭ ئالدىنى.
باش بارماق بىلەر،
ئۇنىڭ نامىنى.

ئەگەر تۇزسە ئۇ،
قانچە كۆپ قوشۇن.
تاپىدۇ كاتتا،
ئىناۋەت ئورۇن.

(1)

## 24

ئوتتۇرىسىغا دەل،
بىكىتسەكلا ساپ.
تاماق بولىدۇ،
سەيۋەنزىدگە باب.

نېمە بۇ تاپقىن؟
سىرىنى ئاچقىن.

(3)

## 25

تۇتقۇچ، جۇمەكسىز،
ئاپتۇۋا دەيسىز،
نوگايغا ھەمدە
ئوخشار ئۇ شەكسىز.

بىر تاللا كۆزى،
نېمە ئۇ ئۆزى؟

(6)

## 26

ئاپئاق، ئۇۋاق كىرىستال،
چۈشسە سۇغا يوق دەرھال.
تەم كىرگۈزسەڭ تائامغا،
سەن ئۇنىڭدىن ئۆلچەپ سال.

چىقىشالماس قەنت بىلەن،
ئويلاپ تاپقىن پەم بىلەن.

(تۇز)

## 27

قازان بېشىدا،
كورا قېشىدا،
ئىش بېجىرىدۇ،
غىزا ۋاقتىدا.

كىرەر جۇرئەتلىك،
قىزىق تاماققا.
خالىس قاتنىشار،
ھەم تەقسىماتقا.

ھەممىنى بوۋلۇپ،
بېرىدۇ خەققە.
ئۆزى بەھوزۇر،
تۇرىدۇ چەتتە.

(چۆمۈچ)

## 28

نەچچە قەۋەت زېمىنى
قىلغان يېپىنچا.

قىزىقىلىپ كۆيدۇرسە،
چىقار يىلىنجا.

كۆيمىگەندە قارا تەن،
كۆيسە ئالتۇن رەڭ.
سانائەتكە، تۇرمۇشقا
كېرەك، نېمە دەڭ؟

(كۆمۈر)

## 29

قارا-قارا باشلىرى،
يوقتۇر كۆزى، قاشلىرى.
ئەگەر قاپقا سۇركىسەڭ،
ئۇتتىن بولار چاچلىرى.

تاغدا كۆلگەن چولپاندەك،
جۇلالىنىپ نۇر چاچار.
تۇرمۇشتا كۆپ كېرەك ئۇ،
نېمىلىكىنى كىم تاپار.

(سەرەڭگە)

## 30

بىر پۈتى بار پاخىماقلىق،
بېلى قاتار باغلاقلىق.
ئۆي ئىچىنى ھەر كۈنى،
ماڭداپ چىقار ئۈچ ۋاقلىق.

چېچەن، پاكىز كىشىگە،
خىزمەت قىلار مىننەتسىز.
پەگادىلا جايى بار،
قانداق نەرسە بىلەمسىز؟

(سۈپۈرگە)

## 31

يالغۇز تاپان، سىلىق تاپان،
ئوزۇقى چوغ، قىزىق تاپان.
ئۈنىڭ بىلەن سۆلەت تاپار،
پۈرلاشقان رەخت، كۆڭلەك، چاپان.

قولىقى بار دۈمبىسىدە،
بۇرۇنلىرى چۆرىسىدە.

ئويلاپ باققىن نېمىكەن بۇ،
ئىزمىسى بار گەجگىسىدە؟

(دەزمال)

## 32

ئاستى ـ ئۈستۈن ئىككى چىشلىق،
كالپۇكى يوق بىراقتا.
يەلكىسىدە يالغۇز قانات،
زاسۇيى يوق قورساقتا.

شۇڭلاشقىمۇ ئىشتىھاسى،
تارتماس ئۇنىڭ تاماققا.
ئويلاپ باققىن،
لازىم ساڭا،
ئۆچتۇر ئۆسكەن تىرناققا.

(تىرناق ئالغۇچ)

## 33

شەپەرەڭنىڭ قانىتىدەك
قاناتلىق قۇش يالغۇز ئاياق.

شۇڭلاشقىمۇ ئۇچالمايدۇ،
ئەمما يۇرمەس يەردە يایاق.

ياز كۈنلىرى تومۇزلاردا
باش ـ ئۈستۈڭدە پەرۋانىدۇر.
ياغسا يامغۇر كۆكرەك كېرىپ،
قوعدار سېنى مەردانىدۇر.

سېنىڭسىز ئۇ قىلماس سەپەر،
تاپساڭ ئىسمىن، بەرگىن خەۋەر.
(كۈنلۈك)

## 34

كىچىككىنە ئۈچ قىرلىق،
قىرىق نەچچە سىپىرلىق.
تۇمشۇقى بار پولاتتىن،
ئىنچىكە ھەم سىماپ تىللىق.

قولتۇقىڭغا قىستۇرساڭ،
قالار تىلى ئۇزۇراپ.
تىۋىپلاردەك تەپتىڭنى،
بېرىدىكەن جاكالاپ.

نازۇك ـ سىلىق بۇ سايمان،
لازىم ساڭا ئاغرىساڭ.
تاپالمىساڭ سوراپ باق،
دوختۇر قىزدىن خالىساڭ.

(تېرمومېتىر)

## 35

يىڭنە ئىكەن ئىچى نوكەش،
يىپ ساپقىلى بولمايدىكەن.
ئۇ ئارقىلىق تومۇرلاردا
مادارلىق سۇ قاتنايدىكەن.

يىڭنە ئىكەن ئېسىل ئىكەن،
ساقلىقىڭغا كېپىل ئىكەن.
ئۇنى سەن يات كۆرمىسەڭلا،
شۇم كېسەلگە سېپىل ئىكەن.

سەن ئۇنىڭغا يولۇققانمۇ؟
يولۇققاندا قورققانمۇ؟!

(ئوكۇل يىڭنىسى)

## 36

كۆز، قۇلىقى، قولى يوق،
ئەمما ئۆزى بىر پۇتلۇق.
ئوماق، تېتىك قىلىقى،
بىھۇدە قىلماس شوخلۇق.

مۇز ئۇستىدە كۆرسىگىز،
ئۇسسۇل ئوينار تىنىمسىز.
بوغقۇش قامچا قانىتى،
قانداق نەرسە ئېيتسىگىز؟

(پىرقىرىغۇچ)

## 37

ئۆزى قاپقارا،
تامغا چاپلاشقان.
سېھىرلىك ئەينەك،
ھۆسنى قاملاشقان.

ئويۇڭدا بارنى،
جىمجىت ئاڭا.

سۆزلەيدۇ ئۈنسىز
ئەگىشىپ ساڭا.

بىلىم ـ ھېكمەتنىڭ،
ئېكرانى، بىخى.
قانداق نەرسە ئۇ،
تاپقىنا قېنى؟

(دوسكا)

38

جېنى يوق مەخلۇق،
ئۆزى تۆت پۇتلۇق.
گۆش ـ مايسىز ھەمدە
شۇنچىلىك ئورۇق.

ئەمما سىزنى ئۇ،
كۆتۈرەر باشتا.
ئۆيدە، مەكتەپتە،
مەشغۇلات ۋاقتا.

سۇرتۇپ قويسىڭىز،
كۇپايە ئاڭا.

نان ـ چاي دېمەيدۇ،
دەپ بېرىڭ ماڭا.

(ئورۇندۇق)

## 39

قىرلىق ـ قىرسىز چوكىدەك،
ئىچىدە بار قارىسى.
ئۇنىڭسىز قىر ئاشالماس،
مەرىپەتنىڭ بالىسى.

سىرتى سىرلىق چىرايلىق،
سىزنىڭمۇ جان دوستىڭىز.
سىزگە داغدام يول ئاچار،
چىن قەدىرلەپ تۇتسىڭىز.

ئەتىۋارلىق قەدىناس،
نېمە ئۇ؟ تاپ ساۋاقداش!

(قېرىنداش)

## 40

بەش بۇرادەر سەپەر قىلسا،
بىر تايچاقا مىنىپ ئالار.
قىزىق ئىشكى: تايچاق بولسا،
ئالغا ئەمەس، يانغا ماڭار.

خاسىيەتلىك شۇنداق تايچاق،
رەڭدىن بۆلەك يېمەس تاماق.
باسقان ھەربىر قەدىمىدىن،
گۈللەر ئۈنەر، تۇرماس ئۇزاق.

كىيىۋالار تۆمۈر تۇماق،
يوقتۇر ئۇندا كۆز ۋە قۇلاق.
ھارماس ئىشچان، يورغا شۇنچە،
تېپىڭ! تېخى يالغۇز تۇياق.

(قەلەم)

## 41

يوپۇرمىقى زىچچىدە،
ئەمما يوقتۇر يىلتىزى.

بالدىن تاتلىق بولىدۇ،
مېۋىسىدۇر مېغىزى.

قانىسىز، جانىسىز، يىلتىزسىز،
سۆزلەر بىراق تىلى يوق.
ئويلاپ تېپىڭ نېمە ئۇ؟
يۇرمەيدىغان يېرى يوق.

(كىتاب)

## 42

قاناتسىز قۇش، كىچىك چاسا،
تالماس ئۇچسا ھەر ۋاقتا.
توسالغۇسىز سەپىرى،
يەر شارىنى ئايلانسا.

ئالەم ئارا ھوقۇقلۇق،
رولى بار ھەم قۇلۇپلۇق.
شۇنچە كاتتا تۇرۇقلۇق،
شىلىم تاڭا ئوزۇقلۇق.

(پوچتا ماركىسى)

43

ئىككى نەرسە بار،
ئۆزئارا ئۆچمەن.
كېزى كەلگەندە،
رەھىمسىز دۈشمەن.

بىرى كۆيدۈرگۈچ،
ئەجدەرھا سۈپەت.
بىرى چۆكتۈرگۈچ،
سالىدۇ كۈلپەت.

چىقىشالماسلىقىنىڭ
مىسالى شۇكا.
جاۋابنى ئويلاپ
تاپارسەن ئۇكا.

(ئوت بىلەن سۇ)

44

ئىككى نەرسە بار،
باقساڭ ھاياتقا.

بىرى بىرىنى،
ئالار يامپاشقا.

سەھەردە، كەچتە،
تۈگۈشىدۇ قان.
مەغرۇر ئۆتمەكتە،
بىرىشمەستىن جان.

نېمە كارامەت!
نېمە ئالامەت!؟
جاۋاب بېرەرسەن،
بولساڭ سالامەت!!!

(كۈندۈز بىلەن كېچە)

**45**

بىر نەرسە بار بارچە كىشى،
ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان.
كىشى يوقتۇر ئۇنىڭ گېپى
قۇلىقىغا ياقمايدىغان.

كەلمەس ئەمما قولغا ئاسان،
قولىدىن قولىغا ئۆتەر چاپسان.

گەزمەيدىغان جاھانى يوق،
تونار ئۇنى جىمى ئىنسان.

چوڭ ھوقۇقلۇق تونۇشتۇرۇش،
ئۇ بىلەن ئىش، يولۇڭ راۋان.
گەر بولمىسا سەندە ۋىجدان،
قىلار سېنى ۋەھشى ھايۋان.

ۋەسۋەسىگە باي ئۇنىڭ جىسمى،
تېپىڭ نېمە ئېنىق ئىسمى.

(پۇل)

## 46

غېرىچتا بىر كەلگۈدەك،
ياغ تاياقچا بۇرۇتلۇق.
بۇرۇتىغا ئوت ياقساڭ،
بېرەر تۈندە يورۇقلۇق.

جىسمى كۆيۈپ تۈگىسمۇ،
ياش تۆكەر، داد دېمەس.
ئىنسان ئۈچۈن ئىشلەشتە،
سۇنسا سۇنار ئېگىلمەس.

زوقلىنارلىق خىسلەتلىك،
نېمىدۇ بۇ ھېكمەتلىك؟

(شام)

**47**

تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ،
كېلەر ھەر كۈن ئالدىڭغا.
قول سوزىسەن ھۆرمەتتە،
سالىسەن ھەم ئاغزىڭغا.

ئۇ بىلەن سەن دەرمانلىق،
قىلالايسەن پالۋانلىق.

ئۇ كېلىدۇ نە-نەدىن،
ھالال ئەمگەك ساپ تەردىن.
گۈزەل قەلب، مىننەتسىز
دېھقاندەك ئەڭ پاك ئەردىن.

قانداق نېمەت مىننەتسىز،
دوست نەق جاۋاب بېرەمسىز؟

(نان)

## 48

قۇدۇق قېزىپ يىگنە بىلەن،
ئەمگەك قىلىپ مىڭە بىلەن.
قاندۇردۇ تەشنا دىلنى،
سايرىتىدۇ كېكەچ تىلنى.

قەلبى ئۇنىڭ مەشئەل چىراق،
كور كۆڭۈلنى قىلار پارلاق.

دوختۇر، ئالىم، داھىلارنى،
ئارتىس، شائىر، ماھىرلارنى،
يېتىشتۈرەر مېھرى بىلەن،
چىن ئەقدە، زېھنى بىلەن.

تۇرار ئۆزى "قۇلاق" پېتىم،
ئاينىسۇن دەپ "مۈڭگۈز - شېخىم."

كىم ئۇ ئالىي تىلەكلىرى؟
سىزمۇ ئۇنىڭ چېچەكلىرى.

(مۇئەللىم)

## 49

ئاق لەيلىگە ئورالغاندەك،
قارلەيلىگە ئايلانغاندەك.

يۈرەر دائىم ئىنتىلىپلا،
ئۆز كەسپىگە بېرىلىپلا.

بىمارلارنىڭ پاسىبانى،
شەپقەتچىسى، مېھرىبانى.

كېچە ـ كۈندۈز پەرۋانىدۇر،
دەردكە ئورتاق سەرسانىدۇر.
ئەزرائىلغا ۋاقىتسىز جان —
بەرمەيمەن دەپ تۆكەر تەر ـ قان.

يېڭىدىن يىپ سۇغارغاندەك،
باشتىن تاغنى ئاغدۇرغاندەك،
ئېلىپ دەردنى بولار خۇشال، -
كىم بۇ ئۆزى؟ تاپقىن دەرھال!

(دوختۇر)

## 50

كۆزلىرىگە قوش دېرىزە
قويۇۋالغان، پەردىسى يوق.
ئۆگزىسىگە قار ياغسىمۇ،
ھېچنەرسىدىن ئەندىشىسى يوق.

زىكىر قىلار كېچە-كۈندۈز،
ئويلىغىنى ئىنسانىيەت.
كەشپىياتقا مەپتۇن-ئاشىق،
سۆيگىنى چىن ھەققانىيەت.

ئېگىلسىمۇ بېلى يادەك،
ئۆتمەس كۈنى لەيلەپ سادەك.
ئىشلىگىنى ئىشلىگەنلا،
مېڭلاپ جېنى قاتار باردەك.

ھاياتىنى ئەلگە تەقدىم —
قىلغان شۇنداق، ئۇ زادى كىم؟

(ئالىم)

## 51

ھېسياتىدىن چاقسا چاقماق،
دىل ئاسمىنى گۈل چاچىدۇ.
ھەسەن-ھۈسەن رەڭلىك گۈللەر،
ئەل كۆڭلىگە ئوت ياقىدۇ.

ئۆزىدىكى ھارارەتتە،
ئۆزگە دىلنى ئىللىتىدۇ.
نازۇك، نەپىس ماھارەتتە،
ئىشنى ئالغا سىلجىتىدۇ...

ئەل ئىشىغا كۆيۈنگەنگە،
مۇھەببەتلىك، مېھرىلىكتۇر.
ئەل رىزقىغا ئالايغانغا،
نەپرەتلىك ھەم قەھرىلىكتۇر...

نەيزە، بومبا قەلەملىرى،
قەغەزلەر توغ-ئەلەملىرى.
قانداق ئىنسان تېپىڭچۇ ئۇ؟
ئۆچمەس باسقان قەدەملىرى!!!

(يازغۇچى، شائىر)

## 52

يەر ئۈستىدە ئىككى كۆزلۈك،
يەر ئاستىدا (ئۈچ كۆزلۈك...)
باردۇر جەسۇر ئادەملەر،
پاك دىل ھەممىدە راست سۆزلۈك.

ئىشلەر ئۇنتۇپ ئۆزىنى،
يورۇق قىلىپ يۈزىنى.
ئويلىغىنى ۋەتەن-ئەل،
ئاقلار ئانا سۈتىنى.

قوشۇپ مېھرى يالقۇنىنى،
قازار قارا ئالتۇنىنى...
ئۇ تۆكسە تەر، يېڭىسىز
قىشتا جۇدۇن-چاپقۇنىنى.

ئالىي ئىستەك، راست سۆزلۈك،
كىملەركەن ئۇ (ئۈچ كۆزلۈك؟)

(خاك ئىشچىسى)

## 53

باخ ـ باخ ئەتكەن ئانا يەرنى،
تۆككەن دائىم هالال تەرنى.
ئاپئاق سۈتتەك ئاپئاق كۆڭۈل،
تونۇشتۇراي ئېسىل ئەرنى.

يەرگە نەقىش ـ سۈرەت سالار،
يەر بىلەن تەڭ هۆرمەت تاپار.
چىن ئەقىدە، ئەجرى بىلەن،
يەرنى سىغىپ قايماق ئالار.

ئالقىنىدىن بەرىكەت ياغار،
تاپىنىدىن نېمەت تاشار.
خىزىر سۈپەت، مىننەتسىز ئەر،
كەڭ كۆڭلىدىن دەريا ئاقار.

ياد ئەتكىنى سىز بىلەن بىز،
قانداق ئادەم تېپىڭچۇ سىز!

(دېھقان)

**54**

تاغ ـ ئېدىرلار يايلىقى،
بولۇت تۇماق ـ ياغلىقى.
مال ـ چارۋىلار ئامرىقى،
ياشنار، يايرار يازلىقى.

ئۆلەن ئېيتىپ، ئات چېپىپ،
مەنزىلىگە پات يېتىپ.
مۇشكۇللەرنى مات ئېتىپ،
يۈرەر كۆڭلىنى شاد ئېتىپ.

بۆلۈنگەن كۆپ ئايماققا،
قارشى دىلى مايماققا.
ماھىر قوش تۆل ئالماققا،
ئامراق قېمىز ـ قايماققا.

كىملەر ئۇ تاغ بۈركىتى؟
تاغدەك بۈيۈك ھۆرمىتى!

(قازاق چارۋىچى)

## 55

جاسارەتلىك، جۇرئەتلىك،
ئەل ئالدىدا ھۆرمەتلىك.
تاغ ـ جىرا، قۇم ـ دەشتتە،
تۇرار پوستا ـ كۆزەتتە.

ئاپتوماتى كۆكرەكتە،
غالىب جەڭدە ـ كۈرەشتە.
قار ـ شىۋىرغان، جۇت ـ بوران،
كار قىلالماس، چىڭ تۇرغان.

ماڭلىيىدا يۇلتۇزى،
كۆكسىدە ھەم يۇلتۇزى.
ئەلگە جاننى ئاتىغان،
كىم سەن، بىزنى ساقلىغان؟

(چېگرا جەڭچىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

## شېكەرىستاندىكى ناخشا

ئاپتورلار: ھەسەن تىلىۋالدى، ئابلىكىم روزى،
ئابدۇقادىر ھەسەن، توختاش بەكرى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1988 - يىل 2 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1988 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.73 يۈەن

果 园 之 歌

（维吾尔文）

阿布都哈迪尔等 著

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：8 5/8

1988年 2月第1版

1988年 2月北京第1次印刷

印数：0001—2,000册

统一书号：M10049(4)229定价：0.73元

ISBN7—105—00089—9/I.30

统一书号：M10049(4)229　定价：0.73元
ISBN　7—105—00089—9/I·30